

مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# شىنجاڭ
# جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى
# ئىلمىي ژۇرنىلى

1999

4

كۆرۇشكە ئالدىراڭ!

ماقالە ئەۋەتىڭ!

مۇشتەرى بولۇڭ!

## مۇندەرىجە

« ئىزدىنىش »

بىلىم ئىقتىسادىي دەۋرىنى كۈتۈۋېلىپ پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى 21 ـ ئەسىرگە يۈزلەندۈرەيلى ........................ پولات جۇنۇسبېك (2)

« قانۇنىدىن ساۋات »

توختام قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە ساۋات ........................ ئابدۇكېرىم ھوشۇر (8)

« رازۋېدكا تەتقىقاتى »

جىنايەتچىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى تەتقىق قىلىش ۋە جىنايەتنى رازۋېدكا قىلىش توغرىسىدا........................ باتا (14)

« دىنىي ئىشلار تەتقىقاتى »

دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدا........................ قەھرىمان سالى (19)

« قانۇن تەتقىقاتى »

ئاساسىي قانۇننى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى ........................ قادىر ئىبرايىم (23)

بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى قوللىنىشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ........................ قۇربان ئىبرايىم (30)

« ئەدلىيە تەتقىقاتى »

مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل ـ ئىسپات بىلەن مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل ـ ئىسپاتنىڭ پەرقى ........................ ئالىم نۇر (36)

مەمۇرىي جەرىمانە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ........................ ئەخمەت سادىر (40)

ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا ........................ ئابلا ئىبرايىم (46)

« تەپتىش خىزمىتى تەتقىقاتى »

تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى رولى توغرىسىدا ........................ تۇرسۇن روزى (52)

« بىلىملىك »

ئۇچۇر بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى ........................ تاش مۇھەممەت رېيىم (54)

ساقچى تەنتەربىيە مەشقىدىكى تەييارلىق ھەرىكىتى بىلەن رەتلەش ھەرىكىتىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك ........................ خەيرۇللا ھەۋۇللا (57)

« جىنەت ئەل قانۇنشۇنلىقى »

ئامېرىكىدىكى يەھۇدىي ئادۋوكاتلىرى توغرىسىدا ........................ سەلىمە خوجا (60)

پەسىللىك ژۇرنال
(ئومۇمىي 76 ـ سان)

1999 ـ يىل 4 ـ سان

باشقۇرغۇچى

شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى پەن تەتقىقات باشقارمىسى

باش مۇھەررىر

چۇي خېنيەن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
زەينۇللا
دىڭ يۈەنسەي

مەسئۇل مۇھەررىر

ئايگۈل ئىبرايىم

تېلېفون نومۇرى

6637076

پوچتا نومۇرى

830011

# بىلىم ئىقتىسادىي دەۋرنى كۈتۈۋېلىپ پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى 21 ـ ئەسىرگە يۈزلەندۈرەيلى

پولات جۇنۇسبېك

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى ماركسىزم ، لېنىنىزم ئوقۇتۇش بۆسى)

ئىنسانلار جەمئىيىتى يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدىن سانائەتلەشكەن جەمئىيەتكە ئۆتتى. نۆۋەتتە يەنە بىلىم ئىقتىسادىي دەۋرىگە كىرىشكە باشلىدى. بۇ، بىر ئىقتىسادىي فورماتسىيىنىڭ ئىلگىرىلەش جەريانىدا پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بولغان تۈرتكىلىك رولىنىڭ بارغانسېرى روشەنلەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي نەزەرىيىسى، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى مۇھىم مەنبە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بىلىم بىلەن ئىقتىساد زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئىقتىساد بىلىمنىڭ مۇھىم كېلىش مەنبەسى. ھەرقانداق فورماتسىيىدىكى ئىقتىساد، بىلىمنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا تەرەققىي قىلىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى يەنە بىلىمنى بېيىتىدۇ. بىلىمنىڭ بېيىپ بېرىشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەيدۇ. مانا مۇشۇنداق ئايلىنىشنىڭ تەكرارلىنىشى ئىقتىسادنى ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. شۇڭا بىلىم بولمىسا ئىقتىسادمۇ بولمايدۇ.

ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ھەرقايسى ھالقىلاردا بىلىمنىڭ ئىگىلىگەن تەركىبىي يېتەكچىلىك ئورنىنى ۋە مۇتلەق زور نىسبەتنى ئىگىلىگەندىلا ئاندىن بىلىم ئىقتىسادىي دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ.

ئىستاتىستىكىلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ 5%—20% تى، 70. يىللارغا كەلگەندە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ 60%—80% تى تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق قولغا كەلگەن. 80 ـ يىللاردىن بۇيان مەھسۇلاتنىڭ پەن ـ تېخنىكىلىق تەركىبى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ھەسسىلەپ ئۆسۈپ، تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتى بارغانسېرى تېز بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلىنىشى ئارقىسىدا ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ئىنتايىن تېز بولماقتا. نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىنى كۆپ ھاللاردا بىرنەچچە يىل ئۆتمەيلا يېڭى ئەۋلاد مەھسۇلاتلار ئىگىلىمەكتە».①

بىلىم ئىقتىسادىي دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىشى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۈستۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىلىم ئىقتىسادىي كىشىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش قاتارلىق ئاساسلىق

① دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما ئۇيغۇرچە 3 ـ توم 143 ـ بەت.

تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى تېخىمۇ ياخشىلايدۇ، تاللاش مۇمكىنچىلىكى تېخىمۇ زور بولىدۇ. مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شۈبھىسىزكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ مول بولىدۇ.

ئىنسانلار 21 - ئەسىرگە كىرگەندە بىلىم ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى تېز يېتىپ كېلىدۇ. بىلىم ئىقتىسادىي «بىلىمنى ئاساس قىلغان ئىقتىساد» نىڭ قىسقارتىلغان ئاتىلىشى. بىلىم ئىقتىسادىي ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنى يادرو قىلغان بىلىم ۋە ئۇچۇرنى ئىشلەپچىقىرىش، ساقلاش، ئىشلىتىش ۋە ئىستېمال قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىقتىسادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىلىم ئىقتىسادىي پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ سۈرئىتىنى، يۈنىلىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئىقتىسادتۇر. تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىۋاتقان يۇمشاق دېتال نۆۋەتتىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قىزىق كەسىپكە ئايلاندى. باشقا ئەقىل بۇلىقى تاۋارلىرى ۋە ئەقىل بۇلىقى مۇلازىمىتىمۇ ئاجايىپ نەتىجىلەرگە ئېرىشمەكتە. مەھسۇلاتنى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەقىل بۇلىقىغا ئايلاندۇرۇش، ئەلالاشتۇرۇش ھازىرقى زامان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ چوڭ يۈزلىنىشىدۇر. دېڭ شياۋپىڭنىڭ «پەن- تېخنىكا — بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دېگەن ھۆكۈمى، بىلىم بايلىقىنى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل قىلىدىغان دەۋرنىڭ ئىلمىي يىغىنچاقلىنىشىدۇر.

يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يېڭىلىنىشى ۋە بىلىم ئىقتىسادىي دەۋرىنىڭ يېتىشىپ كېلىشى دۆلىتىمىزگە پۇرسەت ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە يەنە جەڭ ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق تەدبىر قوللىنىش كېرەك؟ دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەت. دۆلىتىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ، ماددىي ئاساسى ئاجىز، ئاھالىمىزنىڭ %20 تى ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىق مىقدارى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىنمۇ تۆۋەن بولۇپ دۇنيا بويىچە 91 - ئورۇندا تۇرىدۇ. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىشتە بىردىنبىر ئۇسۇل — پەن - تېخنىكىنىڭ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشىدىغان تۆھپىسىنىڭ نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. لېكىن بۈگۈنكى دۇنيادا پەن - تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىش دەۋرى كۈندىن - كۈنگە قىسقىراۋاتىدۇ. ئېلىمىز ئاھالىسىنىڭ ساپاسى ۋە پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، ھالبۇكى بىلىم ئىقتىسادىي دەۋرىنىڭ يېتىشىپ كېلىشى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلما پۈتۈن دۇنيا دائىرىسىدە چوڭ تەڭشەش ئېلىپ بېرىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلدى. دۆلىتىمىز بۇنىڭغا قارىتا پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، پەن - تېخنىكىنىڭ كەسىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئۈچۈن پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. چۈنكى «ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئىلىم- پەندىن ئايرىلالمايدۇ. ئۈچىنچى دۇنيانىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئىلىم - پەندىن ئايرىلالمايدۇ. دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئىشىمۇ ئىلىم - پەندىن ئايرىلالمايدۇ.»①

پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىمىز بىر قاتار زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى «پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى، كەلگۈسىدىكى پەن - تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىگە، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىغا

① دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 3 - توم 376 - بەت.

ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان غايەت زور تەسىرىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئاچقۇچلۇق ئورۇنغا قويۇش» كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى. 2000- يىلى ئېلىمىز تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشىدىغان تۆھپىسىنىڭ نىسبىتىنى 1996 - يىلىدىكى %30 ئەتراپىدىن %50 ئەتراپىغا ئۆستۈرىدۇ. 2010 - يىلى مۇھىم نۇقتىلىق كەسىپلەردىكى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تۆھپە قوشۇش نىسبىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ %65 ئەتراپىدا ئۆستۈرىدۇ. 2000- يىلى ئاساسلىق سانائەت تېخنىكىسىنى خەلقئارادىكى 80 - يىللارنىڭ ئاخىرى 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش مۆلچەرلەندى. 2010 - يىلى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كېلەركى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى سەۋىيىسىگە يېقىنلىتىش ياكى يەتكۈزۈش مۆلچەرلەنمەكتە.

يۇقىرىدىكى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى قانداق قىلغاندا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ۋە يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەرنىڭ بولۇشىدا. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «دۆلىتىمىزدە دۆلەت كۈچىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشى ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىگە، زىيالىيلارنىڭ سانى ۋە سۈپىتىگە، بارغانسېرى باغلىق بولۇپ قالىدۇ»① دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. يۇقىرى سەۋىيىلىك پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەر يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپقا تايىنىدۇ. چۈنكى، پەن - تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىگە ئەگىشىپ بىلىم ئىقتىسادىنىڭ يېتىپ كېلىشى، يېڭى بىر ئەۋلاد كەسپىنىڭ سۇبيېكتىنى بارلىققا كەلتۈردى. سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىققا ئىگە بولغان «ئادەم» ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ جانلىق ئامىل بولغاچقا، بىلىمنىڭ يېڭىلىق يارىتىشى، تارقىلىشى ۋە تەدبىقلىنىشى بىلىمنى ئىگىلىگەن ئەمگەكچىلەر ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. نۆۋەتتە خەلقئارادىكى كەسكىن رىقابەت ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي رىقابەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى رىقابەت بولۇپ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مائارىپ رىقابىتى ۋە يۇقىرى يېڭى تېخنىكىنى ئىگىلىگەن ئىختىساسلىق خادىملار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتىن ئىبارەت. قايسى دۆلەتنىڭ مائارىپى تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى يېڭى تېخنىكا ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنىڭ ئەمەلىي كۈچى زور بولسا، شۇ دۆلەت رىقابەتتە پايدىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ 1977 - يىلىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «پەن - تېخنىكىنى تۇتقاندا مائارىپنىمۇ تەڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپكىچە تۇتۇشىمىز كېرەك»② . دەل مۇشۇنداق پەن - تېخنىكا بىلەن مائارىپنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان مۇناسىۋەتتە بولغانلىقتىن يولداش جياڭ زېمىن 1995 - يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا يىغىنىدا، دۆلەتنى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى ئىختىساس ئىگىلىرى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقى ئىكەنلىكى، مائارىپنى ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى بىلەن

① دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 3 - توم 246 - بەت.
② دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، 2 - توم ئۇيغۇرچە 62 - بەت.

دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپنى قانداق راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق بىرنەچچە پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى، مائارىپنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بۇ، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىگە ۋە يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەرگە تايىنىدۇ. زامانىۋىلىشىشقا ئىنتىلىۋاتقان نۇرغۇن دۆلەتلەر گەرچە چەت ئەللەرنىڭ ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكىلىرىنى قوللانغان، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆلگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى ئاز بولدى. ئۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەرنىڭ كەم بولغانلىقىدا. مۇشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ چىقىش يولى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا. پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئالدى بىلەن مائارىپنى گۈللەندۈرۈش كېرەك. چۈنكى، مائارىپ بىر مىللەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كەسپى. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش — بىلىمگە، ئىختىساس ئىگىلىرىگە تايىنىدۇ. مائارىپنى ئالدى بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن «بىز بۇنى تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن تۇتۇشىمىز، باشقا جەھەتلەردە بىر ئاز تاقەت قىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ھەتتا سۈرئەتنى بىر ئاز ئاستىلىتىپ بولسىمۇ مائارىپ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك»① . بۇ ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مائارىپنى ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدىغان، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بىر تەرەپ. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىرەر رايون، بىرەر تارماق ئىقتىسادنىلا تۇتۇپ مائارىپنى تۇتمىسا، شۇ جايدا خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئوبدان يۆتكەلمىگەن ياكى تولۇق يۆتكەلمىگەن بولىدۇ. مائارىپقا سەل قارايدىغان رەھبەر يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، پىشمىغان رەھبەر بولۇپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلالمايدۇ»②.

ئىككىنچى، مائارىپ زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش كېرەك. زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىش — مائارىپنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، «تۆتكە ئىگە» يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. دۇنياغا يۈزلىنىش — مائارىپ دۇنيادىكى يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىپ، چەت ئەلنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى، يېڭى تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشى، ئۆگىنىشى، ۋارىسلىق قىلىشى، دۇنيانىڭ ئوخشاش سەۋىيىدىكى ئەقىل كۈچىنى ئېچىپ، دۇنيادىكى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگە يېتىشىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. مائارىپنى كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش — مائارىپتا «يېقىن كەلگۈسىدىكى ئېھتىياجنى كۆرۈش بىلەنلا قالماي، يىراق كەلگۈسىدىكى ئېھتىياجنىمۇ ئالدىن كۆرۈشىمىز لازىم. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىش بىلەنلا قالماي، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنىمۇ تولۇق مۆلچەرلىشىمىز لازىم»③لىقىنى كۆرسىتىدۇ. مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئومۇمىيلىققا قاراپ تەرەققىي قىلىشى، ئومۇمىيلىق بىلەن مۇھىم نۇقتىنىڭ بىرلىشىشى، ھازىرقى زامان دۇنيا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىدۇر. ئومۇمىيلىق دېگىنىمىز، پۈتكۈل مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ھەممىسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ

① دېڭ شياۋپىڭ ماقالىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 3 - توم 569 - بەت.
② دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 3 - توم 247 - بەت.
③ دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما. ئۇيغۇرچە 2 - توم 177 - بەت.

ھەممىسى ئۇمۇرۋايەت مائارىپنى ۋە تەربىيلەشنى قوبۇل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مۇھىم نۇقتا دېگىنىمىز — ئاساسىي مائارىپنى چىڭ تۇتۇش، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن دۆلىتىمىز مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ساپا مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىش ھەم ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا دولقۇنىغا يېتىشەلەيدىغان بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ھەم پۈتكۈل خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ «سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق ئىقتىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، مائارىپنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى يېڭى شارائىتتا قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز لازىم». «ھازىرقى زامان ئىگىلىكى ۋە تېخنىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى مائارىپ سۈپىتى ۋە مائارىپ ئۈنۈمىنىڭ تېز ئۆسۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مائارىپنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇلى جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ» دېگەنىدى.① بۇ ھۆكۈم مائارىپنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ئۈچىنچى، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا مۇھىم نۇقتىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئېلىمىزنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ مائارىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى زور پەرق بار. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئاساسىي پەن مائارىپى دۇنيادا 32 - ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ پەرقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ناھايىتى زور مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدىكى مالىيە ئەھۋالى بىر قەدەر قىس بولىدۇ. بايلىق قىس بولۇۋاتقان شارائىت ئاستىدا تەڭزىنى كەڭ يېيىۋەتمەي، مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. شۇڭلاشقا دېڭ شياۋپىڭ «مائارىپنى باشقۇرۇشتا ئىككى پۇت بىلەن مېڭىش ھەم ئومۇملاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىش ھەم ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم»② لىقىنى تەشەببۇس قىلدى. ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمىنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتكۈل خەلقنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە. ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يېقىنلاشقان ياكى يەتكەن بىر تۈركۈم نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنى چىڭ تۇتۇپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيىلىك پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە. دېڭ شياۋپىڭ «ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە ئالدى بىلەن كۈچنى توپلاپ بىر تۈركۈم نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپنى ئوبدان باشقۇرۇش كېرەك»، «ئالىي مەكتەپلەر بولۇپمۇ نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەر پەن-تەتقىقاتنىڭ مۇھىم قوشۇنى بولۇشى كېرەك»③ دەپ كۆرسەتكەن.

تۆتىنچى، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشتە ئوقۇتقۇچىلار مۇھىم ھالقا. پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، پۈتكۈل خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق. ئوقۇتقۇچىلار مائارىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولمىسا، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ ئىشلىرىمۇ بولمايدۇ. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىرەر مەكتەپنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن لاياقەتلىك بولغان ئىقتىساسلىق كىشىلەرنى، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق ئۆسكەن، سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش-

① دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 2 - توم 177 ـ167-بەت.
② دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 2 - توم 62 - بەت.
③ دېڭشياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 2 - توم 83.85- بەت.

بىرلەمسىلىكىنىڭ ئاچقۇچى ئوقۇتقۇچىلاردا»[1] . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە بايقاشتىن ئىبارەت. «بىزنىڭ ئالىملىرىمىز ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ئىقتىساسلىق كىشىلەرنى بايقىشى ۋە يېتىشتۈرۈشىنىڭ ئۆزى بىر نەتىجە، دۆلەتكە قوشۇلغان تۆھپە»، «ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشى لازىم. »[2] شۇنىڭ ئۈچۈن پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتە مائارىپ ئاساس، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشتە ئوقۇتقۇچىلار ئالدىدا مېڭىشى كېرەك.

بەشىنچى. بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىقتىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. گەرچە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى ئەڭ مۇھىم مەنبە بولسىمۇ، لېكىن پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى يەنە بىر تۈركۈم پەن - تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىگە تايىنىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «پارتىيە ئىچىدە بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىختىساسلىق خادىملارغا ھۆرمەت قىلىدىغان كەيپىياتنى يارىتىش كېرەك»[3]. قانداق قىلغاندا بىلىمگە، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلغىلى بولىدۇ؟ بىرىنچىدىن، زىيالىيلارنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە زىيالىيلارغا «سېسىق توققۇزىنچى» دەپ قالپاق كىيدۈرۈلۈپ زىيالىيلارنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئىنتايىن تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. تۆت كىشىلىك گۇرۇھ تار - مار قىلىنغاندىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ «زىيالىيلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى «توققۇزىنچى» لارنىڭ ئورنىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. چۈنكى پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدە، زىيالىيلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى دە! »[4] ئىككىنچىدىن، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ياخشىلاش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ھازىر بىزدە بىر تەرەپتىن زىيالىيلار بەك ئازلىق قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى جايلاردا ئوتتۇرا ياش ۋە ياش زىيالىيلارنىڭ رولى تازا جارى بولمايۋاتىدۇ. زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە جۈملىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ياخشىلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قەتئىي بەل باغلاش كېرەك. »[5] «ھەر يىلى زىيالىيلار ئۈچۈن ئاز - تولا مەسىلە ھەل قىلىپ بەرگىلى بولامدۇ - يوق، ھەقىقىي ھەل قىلىش، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ھەقىقىي كۆرسىتىش كېرەك»[6] .

ئۈچىنچىدىن، دەرىجە ئاتالغان مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئىختىساسلىق كىشىلەر مەسىلىسىدە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاش، تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈشتە كونا قائىدىنى بۇزۇپ تاشلاش لازىم. ... مەشھۇر ئىختىساسلىق كىشىلەر تۈركۈملەپ مەيدانغا چىققاندىلا پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىمىزنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. »[7]

بىلىم ئىقتىسادىي دەۋرى — يېزا ئىگىلىك دەۋرى، ساناﺋەت دەۋرىدىن كېيىنكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر يېڭى باسقۇچى بولۇپ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش، خىزمىتى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىغا بىر مەيدان ئىنقىلاپ ئېلىپ كېلىدۇ. پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، بىلىم ئىقتىسادىي دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىشىغا ئايلاندى. بۇ، ئېلىمىزنىڭ پەن- تېخنىكا بىلەن مائارىپ تەرەققىياتىغا زور تۈرتكە بولغۇسى.

**سەلىمە خوجا تەھرىرلىدى**

---

[1] دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 2 - توم 179 - بەت.
[2] دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 2 - توم 157 - 156 - بەت.
[3] دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 2 - توم 63 - بەت،
[4] دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 2 - توم 571 - بەت،
[5] دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 3 - توم 50 - بەت،
[6] دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 3 - توم223 -بەت.
[7] دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، ئۇيغۇرچە 2 - توم 157 -، 156 - بەت.

# توختام قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە ساۋات

ئابدۇكېرىم ھوشۇر

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتى)

### توختامنىڭ تۈزۈلۈشى

توختامنىڭ تۈزۈلۈشى توختام قانۇنىدا 2 ـ باب قىلىپ بەلگىلەنگەن، توختام قانۇنىنىڭ 9 ـ ماددىسىدىن 43 ـ ماددىسىغىچە جەمئىي 35 ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ بابتا توختام سۇبيېكتلىرىنىڭ شەرتى، توختامنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ۋە مەزمۇنى، توختام تۈزۈشكە تەكلىپ قىلىش ۋە ماقۇل بولۇش، توختام تۈزۈش ئورنى، ۋاقتى، مۇھلىتى، نۇسخىلىرى ۋە سەۋەبلىك جاۋابكارلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار كونكرېت، تەپسىلىي، ئەتراپلىق بەلگىلەنگەن. بۇ توختام تۈزۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم قانۇن ئاساسى شۇنداقلا توختام تۈزۈشنىڭ ئۆلچىمى ۋە تەرتىپى.

### توختامنى ئىمزالىغۇچى سۇبيېكتلار

توختام ئىمزالىغۇچى سۇبيېكتلار — مۇناسىپ ھەق تەلەپ ھوقۇق ئىقتىدارىغا ۋە ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، توختامنى ئىمزالاشقا قاتنىشىدىغان ئالاقىدار تەرەپلەر بولۇپ، ئۇ باراۋەر سۇبيېكت بولغان تەبىئىي شەخس، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توختام سۇبيېكتلىرىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇشى توختامنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئالدىنقى شەرت. بۇ خىل ئالاقىدار تەرەپلەر توختام ئىمزالاشقا ئۆزى بىۋاستە قاتنىشىدۇ، ھەم بۇلار قانۇن بويىچە توختام ئىمزالاشنى ۋەكالەتچىگە ھاۋالە قىلسىمۇ بولىدۇ.

### توختامنىڭ شەكلى

توختام باراۋەر سۇبيېكت بولغان ئالاقىدار تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئىمزالىنىدىغان، مۇئەييەن مەزمۇنغا ئىگە كېلىشىم بولغاچقا، ئۇ مەلۇم شەكىلدە ئىپادىلىنىشى لازىم. توختامنىڭ شەكلى توختام ئىمزالىغۇچىلارنىڭ توختامنى قايسى خىل شەكىلدە تۈزىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. توختام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، توختام تۈزگۈچىلەر توختامنى يازما شەكىل ياكى ئاغزاكى شەكىل بىلەن ۋە باشقا شەكىللەر بىلەن تۈزسە بولىدۇ. قانۇن ـ نىزاملاردا يازما شەكىلدە تۈزۈش بەلگىلەنگەن بولسا ياكى توختام تۈزگۈچىلەر يازما توختام تۈزۈشكە پۈتۈشكەن بولسا، يازما شەكىل قوللىنىلىشى لازىم. دۆلىتىمىز توختام قانۇنىدا بەلگىلەنگەن توختاملارنىڭ كۆپىنچىسىدە يازما شەكىل قوللىنىش تەلەپ قىلىنغان. يازماشەكىل— توختامنى تۈزگەندە توختامنامىنى، خەت ـ چەك، سانلىق تېلېگراف ئالاقىلىرى قاتارلىق ئۆز مەزمۇنىنى يازما شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن شەكىللەرنى كۆرسىتىدۇ.

### توختامنىڭ مەزمۇنى

توختامنىڭ مەزمۇنى — ئادەتتە توختام تۈزگەندە، توختامغا كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك بولغان، توختام تۈزگۈچىلەرگە قارىتا يېتەكلەش رولىنى ئوينايدىغان توختامنىڭ تەپسىلىي بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان، ماجرالارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان مەزمۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. توختامنىڭ مەزمۇنىنى توختام تۈزۈشكۈچىلەر پۈتۈشىدۇ. ئۇ ئومۇملاشتۇرغاندا تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1. توختام تۈزگۈچىلەرنىڭ نامى ياكى ئىسىم فامىلىسى، تۇرۇشلۇق جايى؛ 2. توختام نىشانى؛

3. سانى؛ 4. سۈپىتى؛ 5. مال پۇلى ياكى ھەققى؛ 6. ئادا قىلىش مۆھلىتى، ئورنى ۋە ئۇسۇلى؛ 7. توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى؛ 8. ماجىرالارنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى. توختام تۈزگۈچىلەر توختام تۈزگەندە ھەر خىل توختام ئۆلگىسىدىن پايدىلانسا بولىدۇ. توختام تۈزگۈچىلەر توختام تۈزگەندە تەكلىپ بېرىش، ماقۇل بولۇش شەكلىنى قوللىنىدۇ. تەكلىپ بېرىش بىلەن ماقۇل بولۇش توختام شەكىللىنىشتە چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان پىكىر ئىپادىسىنىڭ ئىككى باسقۇچى.

## تەكلىپ بېرىش ۋە تەكلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش

تەكلىپ بېرىش باشقىلار بىلەن توختام تۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پىكىر ئىپادىسى. تەكلىپ مەزمۇنى كونكرېت، ئېنىق بولۇشى، مۇئەييەن كىشىگە قارىتىلغان بولۇشى، تەكلىپ قوبۇل قىلغۇچى تەكلىپكە ماقۇل بولغاندىن كېيىن، تەكلىپ بەرگۈچى بۇ پىكىر ئىپادىسىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىشى لازىم.

تەكلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش — باشقىلارنى ئۆزىگە قارىتا تەكلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىپ بىلدۈرگەن پىكىر ئىپادىسىدۇر. كىم ئارتۇق سودىسى ئېلانى، خېرىدار چاقىرىش ئېلانى، سودا ئېلانى قاتارلىقلار تەكلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش ھېسابلىنىدۇ. تەكلىپ بېرىش تەكلىپ قوبۇل قىلغۇچىغا تەككەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مۇئەييەن ئەھۋال ئاستىدا تەكلىپ بېرىشتىن يېنىۋېلىشقا، تەكلىپنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدۇ.

## ماقۇل بولۇش

ماقۇل بولۇش تەكلىپ قوبۇل قىلغۇچىنىڭ تەكلىپكە قوشۇلغانلىقىنىڭ پىكىر ئىپادىسى. كونكرېت ئېيتقاندا، ماقۇل بولۇش تەكلىپنى قوبۇل قىلغۇچى تەكلىپتە قويۇلغان شەرتلەرگە قوشۇلۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توختام مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشنى ئىختىيارى قىلغان پىكىر ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. ماقۇل بولۇش كۈچكە ئىگە بولغاندا توختام شەكىللىنىدۇ. ماقۇل بولۇش ئۇقتۇرۇشى تەكلىپ بەرگۈچىگە يەتكۈزۈلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مۇئەييەن ئەھۋالدا ماقۇل بولۇشتىن يېنىۋېلىشقا بولىدۇ. ماقۇل كۆرۈش كۈچكە ئىگە بولغان جاي توختام شەكىللەنگەن جاي بولىدۇ.

## توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى

توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى — شەكىللىنىپ بولغان توختامنىڭ توختام تۈزۈشكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا پەيدا قىلىدىغان مۇئەييەن قانۇنىي چەكلەش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. توختام قانۇنىنىڭ 3 - بابىدىكى جەمئىي 16 ماددىدا توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. قانۇن بويىچە شەكىللەنگەن توختام، شەكىللەنگەن ۋاقىتتىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. توختام تۈزگۈچىلەر توختام كۈچىگە قارىتا قوشۇمچە شەرت پۈتۈشسە بولىدۇ. قوشۇمچە قىلىنغان شەرت ئەمەلگە ئاشقاندا توختام كۈچكە ئىگە بولىدۇ. توختام تۈزۈشكۈچىلەر توختامنىڭ كۈچىگە قارىتا مۆھلەت قوشۇمچە قىلىشنى پۈتۈشسە بولىدۇ. بۇ خىل توختامدا، مۆھلەت توشقان ۋاقىتتىن باشلاپ توختام كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئومۇمەن، چەكلىك ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر تۈزگەن توختام ئۇنىڭ قانۇنى ۋەكالەتچىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولمىغان كىشى باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسە، ھوقۇقلۇق كىشى ئېتىراپ قىلسا ياكى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولمىغان كىشى توختامنى ئىمزالاپ بولغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولسا، بۇ توختام كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

## ئىناۋەتسىز توختام

ئىناۋەتسىز توختام — قانۇننىڭ چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولمىغان ياكى ئادا قىلىش كۈچى بولمىغان توختامنى كۆرسىتىدۇ. ئىناۋەتسىز توختام قانۇن، مەمۇرىي نىزاملارغا خىلاپ بولۇپ ياكى دۆلەت مەنپەئەتىگە، جامائەت مەنپەئەتىگە

زىيان يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنداق توختام شەكىللەنگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا قانۇنىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئىناۋەتسىز توختام باشتىنلا قانۇننىڭ چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولمايدۇ. توختام ئىناۋەتسىز قىلىنغاندىن كېيىن، مەزكۇر توختام تۈپەيلىدىن ئېرىشكەن مال ـ مۈلۈك قايتۇرۇلۇشى كېرەك.

**توختامنىڭ ئادا قىلىنىشى**

توختامنىڭ ئادا قىلىنىشى — توختام تۈزگۈچى ئالاقىدار تەرەپلەر ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، توختامدا پۈتۈشكەن مەنپەئەتكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. توختام قانۇنىنىڭ 4 ـ بابىدىكى جەمئىي 17 ماددىدا توختامنىڭ ئادا قىلىنىشى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى. توختام تۈزگۈچى ئالاقىدار كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈشكىنى بويىچە، سەممىي ئىناۋەتلىك بولۇش پرىنسىپىغا رىئايە قىلىپ، توختامنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى ۋە سودا ئادىتىگە ئاساسەن ئۇقتۇرۇش قىلىش، ھەمكارلىشىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك.

**توختامنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىلىشى**

توختامنىڭ ئۆزگەرتىلىشى — توختام شەكىللەنگەندىن كېيىن توختام ئادا قىلىنىشتىن ئىلگىرى توختام مەزمۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ياكى ئۇنى تولۇقلاشنى كۆرسىتىدۇ. توختامنى ئۆتۈنۈپ بېرىش — كېلىشىم ئارقىلىق ھەقدارنىڭ ئۆزىنىڭ توختامدىكى ھەقدارلىق ھوقۇقىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئۈچىنچى كىشىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشنى، ئۈچىنچى كىشىنىڭ ئەسلى توختامدىكى ھەقدارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ يېڭى بىر ھەقدارى بولغانلىقىنى ياكى ئەسلىدىكى توختامنىڭ قىسمەن ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. توختام قانۇنىنىڭ 5 ـ بابىدا توختامنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، ئۆتۈنۈپ بېرىلىشى توغرىسىدا جەمئىي 14 ماددىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. توختام تۈزگەن ئالاقىدار تەرەپلەر كېڭىشىپ بىرلىككە كەلسە، توختامنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. ئومۇمەن ھەقدارنىڭ توختامدىكى ھوقۇقىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئۈچىنچى كىشىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدۇ. ھەقدار ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەندە، قەرزدارغا ئۇقتۇرۇش قىلىش كېرەك. ئۇقتۇرۇش قىلىنمىسا، بۇنداق ئۆتۈنۈپ بېرىشنىڭ قەرزدارغا قارىتا كۈچى بولمايدۇ. قەرزدار ھەقدارلىق ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىك ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، قەرزدار ئۆتۈنۈپ بەرگۈچىگە قاراتقان رەت قىلىشنى، قوبۇل قىلغۇچىغا تەشەببۇس قىلسا بولىدۇ. قەرزدار توختامدىكى مەجبۇرىيىتىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئۈچىنچى كىشىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشتە، ھەقدارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك.

**توختامدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتنىڭ ئاخىرلىشىشى**

توختامدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتنىڭ ئاخىرلىشىشى — توختام مۇناسىۋىتى ئوبيېكتىپ جەھەتتە مەۋجۇت بولۇشتىن قېلىپ، توختامدىكى ھەقدارلىق بىلەن قەرزدارلىقنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. توختام قانۇنىنىڭ 6 ـ بابىدىكى جەمئىي 16 ماددىدا توختامدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتنىڭ ئاخىرلىشىشى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. قەرز پۈتۈم بويىچە ئادا قىلىنىپ بولغان؛ توختام بىكار قىلىنغان؛ قەرز ئۆزئارا بالانس قىلىنغان؛ قەرزدار قانۇن بويىچە نىشاندىكى نەرسىنى ئامانەت قويۇپ قويغان؛ ھەقدار قەرزنى كەچۈرۈم قىلغان؛ ھەقدارلىق ـ قەرزدارلىق بىرلا تەرەپكە مەنسۇپ بولغان؛ قانۇن بەلگىلىمىلىرىدە ياكى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ پۈتۈمىدە توختامنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان ئەھۋاللاردىن بىرى كۆرۈلسە، توختامدىكى ھوقۇق-مەجبۇرىيەت ئاخىرلىشىدۇ. توختامدىكى ھوقۇق-مەجبۇرىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئالاقىدار تەرەپلەر سەممىي ئىناۋەتلىك بولۇش پرىنسىپىغا رىئايە قىلىپ، سودا ئادىتىگە ئاساسەن ئۇقتۇرۇش قىلىش، ھەمكارلىشىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش كېرەك.

## توختامنى بىكار قىلىش

توختامنى بىكار قىلىش — توختام شەكىللىنىپ كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، قانۇندىكى بەلگىلىمە ۋە ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ پۈتۈشكە ئاساسەن، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ توختامنىڭ كۈچىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان بىر خىل قانۇنى ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئالاقىدار تەرەپلەر كېلىشىپ بىرلىككە كەلسە، توختامنى بىكار قىلىشقا بولىدۇ. ئالاقىدار تەرەپلەر بىر تەرەپنىڭ توختامنى بىكار قىلىش شەرتلىرىنى پۈتۈشسە بولىدۇ. توختامنى بىكار قىلىش شەرتى ھازىرلانغان ۋاقىتتا، بىكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشى توختامنى بىكار قىلسا بولىدۇ. تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچ سەۋەبىدىن توختام مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان؛ ئادا قىلىش مۆھلىتى توشۇشتىن ئىلگىرى ئالاقىدار بىر تەرەپ ئاساسلىق قەرزنى ئادا قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىگەن؛ ئالاقىدار بىر تەرەپ ئاساسلىق قەرزنى ئادا قىلىشنى كېچىكتۈرگەن؛ ئالاقىدار بىر تەرەپنىڭ قەرزنى ئادا قىلىشنى كېچىكتۈرۈشى ياكى باشقا ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن توختام مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا ئەھۋاللار قاتارلىق ئەھۋاللاردىن بىرى كۆرۈلسە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ توختامنى بىكار قىلىشىغا بولىدۇ.

## ئامانەت ساقلاشقا بېرىش

ئامانەت ساقلاشقا بېرىش — ھەقدارنىڭ سەۋەبىدىن قەرزدارنىڭ قەرزنى ئادا قىلىشى قىيىن بولغاندا، قەرزدار توختام نىشانىدىكى نەرسىنى ياكى ئۇنىڭ پۇلىنى ئامانەت ساقلايدىغان ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆزىنىڭ قەرزدارلىقىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان بىر خىل قانۇن - تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. قەرزنى ئادا قىلىشتا كۆپىنچە ھەقدارنىڭ ھەمكارلىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. ھەقدار تاپشۇرۇپ ئېلىشنى رەت قىلسا؛ ھەقدارنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىسا؛ ھەقدار ئۆلگەندىن كېيىن ۋارىسى بېكىتىلمىگەن ياكى ۋەسى بەلگىلەنمىگەن؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا ئەھۋاللار قاتارلىق ئەھۋاللاردىن بىرى كۆرۈلۈپ، قەرزنى ئادا قىلىش قىيىن بولغاندا، قەرزدار نىشانىدىكى نەرسىنى ئامانەت قويۇپ قويسا بولىدۇ. نىشانىدىكى نەرسە ئامانەت ساقلاشقا بېرىلگەندىن كېيىن بۇزۇلغان - يوقالغانلىقىنىڭ خەۋپ - خەتىرىنى ھەقدار ئۈستىگە ئالىدۇ. ئامانەت قويۇلغان ۋاقىتتىكى ئۆسۈمى ھەقدارغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئامانەت ساقلاشقا كەتكەن راسخوتنى ھەقدار ئۈستىگە ئالىدۇ. ھەقدار ئامانەت ساقلاشقا بېرىلگەن نەرسىنى ئېلىش ھوقۇقىنى ئامانەت ساقلاشقا بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ بەش يىل ئىچىدە يۈرگۈزمىسە بۇ ھوقۇق يوقىلىدۇ. ئامانەت ساقلاشقا بېرىلگەن نەرسىدىن ئامانەت ساقلاش راسخوتىنى تۇتۇپ قېلىپ قالغىنى دۆلەتنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

## ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش

ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش — توختام شەكىللىنىپ كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، توختامدىكى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى توختامدا پۈتۈشكەن بويىچە ئادا قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. توختام قانۇنىنىڭ 7- بابىدىكى 16 ماددىدا ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشقا دائىر كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. ئالاقىدار بىر تەرەپ توختامدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا ياكى توختامدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى پۈتۈمگە ئۇيغۇن كەلمىسە، داۋاملىق ئادا قىلىش، ئورنىغا كەلتۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ياكى زىياننى تۆلەش قاتارلىق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئالاقىدار بىر تەرەپ مال پۇلىنى ياكى ھەققىنى بەرمىگەن بولسا، قارشى تەرەپ مال پۇلىنى بېرىشنى ياكى ھەققىنى بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. سۈپەت پۈتۈمگە ئۇيغۇن بولمىسا، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ پۈتۈم بويىچە ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

## زىياننى تۆلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق پۇلى

زىياننى تۆلەش — تۆلەم خاراكتېرىدە تۆلەش ۋە جازالاش خاراكتېرىدىكى تۆلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆلەم خاراكتېرىدىكى تۆلەش - تۆلەم زىياننىڭ دائىرىسى بىلەن چەكلىنىدىغان، قانچىلىك زىيان يەتسە شۇنچىلىك تۆلەم تۆلىنىدىغانلىقىغا قارىتىلغان. جازالاش

خاراكتېرىدىكى تۆلەم - ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى جازالاش جەھەتتىكى تۆلەمنى كۆرسىتىدۇ. ئالاقىدار بىر تەرەپ توختامدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان بولسا ياكى توختام مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش پۈتۈمگە ئۇيغۇن كەلمىگەن بولسا، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغاندا ياكى ئورنىغا كەلتۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپنىڭ باشقا زىيانلىرىنى تۆلەپ بېرىش كېرەك. ۋەدىگە خىلاپلىق پۇلى - ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ پۈتۈمى ياكى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، بىر تەرەپ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغاندا قارشى تەرەپكە بېرىشكە تېگىشلىك بولغان پۇلنى كۆرسىتىدۇ. ئالاقىدار بىر تەرەپ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغاندا ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن قارشى تەرەپكە مۇئەييەن مىقداردا ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش پۇلى بېرىش كېرەكلىكىنى پۈتۈشسە بولىدۇ.

## سېتىش - سېتىۋېلىش توختامى

سېتىش - سېتىۋېلىش توختامى — ساتقۇچىنىڭ نىشاندىكى نەرسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى سېتىۋالغۇچىغا سېتىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان، سېتىۋالغۇچى پۇلىنى بېرىدىغان توختامنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل توختامنىڭ سۇبيېكتى ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى بولىدۇ. دۆلىتىمىز توختام قانۇنىنىڭ خاس پرىنسىپىدا بۇ خىل توختام ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ، توققۇزىنچى بابىدىكى جەمئىي 46 ماددىدا بۇ خىل توختام ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە بەلگىلەنگەن: سېتىش- سېتىۋېلىش توختامى توختام قانۇنىنىڭ خاس پرىنسىپىدا بەلگىلەنگەن، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان، نامغا ئىگە توختامدۇر. ئۇقۇش مەجبۇرىيەتلىك توختامدۇر. شۇنداقلا ئۇ ھەقلىق، ۋەدىلىك، سەۋەبلىك توختامدۇر.

## سېتىش - سېتىۋېلىش توختامىنىڭ مەزمۇنى ۋە نىشاندىكى نەرسە

سېتىش - سېتىۋېلىش توختامىنىڭ مەزمۇنى توختام قانۇنىنىڭ 12 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن مەزمۇنغا ئۇيغۇن بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ئوراش- قاچىلاش شەكلى، تەكشۈرۈش ئۆلچىمى ۋە ئۇسۇلى، ھېساب بوغۇش شەكلى، توختامدا قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىق ۋە ئۇنىڭ كۈچى قاتارلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سېتىش- سېتىۋېلىش توختامىدىكى سېتىۋالىدىغان ياكى سېتىلىدىغان نەرسە توختام نىشانى بولىدۇ. بۇ خىل نەرسە ساتقۇچىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولغان نەرسە بولىدۇ. نىشاندىكى نەرسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى نىشاندىكى نەرسىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋاقىتتىن باشلاپ يۆتكىلىدۇ. نىشاندىكى نەرسىنى توختام ئىمزالىنىشتىن بۇرۇنلا سېتىۋالغۇچى ئىگىلەپ تۇرغان بولسا، تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋاقتى توختامنىڭ كۈچكە ئىگە بولغان ۋاقتى بولىدۇ.

## نىشاندىكى نەرسىنىڭ خېيىم - خەتىرىنى ئۈستىگە ئېلىش

خېيىم - خەتەرنى ئۈستىگە ئېلىش — ئېلىم- سېتىم نىشاندىكى نەرسىنىڭ توختام كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئالاقىدار تەرەپلەرگە ئارتقىلى بولمايدىغان يەر تەۋرەش، ئوت ئاپىتى قاتارلىق سەۋەب تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇش، يوقىلىش سادىر بولغاندا، بۇ زىياننى قايسى تەرەپنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. نىشاندىكى نەرسىنىڭ بۇزۇلۇش، يوقىلىش خېيىم خەتىرىنى، نىشاندىكى نەرسە تاپشۇرۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن ساتقۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ. تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن سېتىۋالغۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ. ساتقۇچى توشۇغۇچىغا توشۇشقا بەرگەن يول ئۈستىدىكى نىشاندىكى نەرسىنى ساتقان بولسا، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ باشقىچە پۈتۈمى بارلىرىدىن سىرت، بۇزۇلۇش، يوقىلىشنىڭ خېيىم - خەتىرىنى توختام شەكىللەنگەن ۋاقىتتىن باشلاپ سېتىۋالغۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ. سېتىۋالغۇچى نىشاندىكى نەرسىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلسا ياكى توختامنى بىكار قىلسا، نىشاندىكى نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىش، يوقىلىپ كېتىش خېيىم- خەتىرىنى ساتقۇچى ئۈستىگە ئالىدۇ.

## ساتقۇچىنىڭ نىشاندىكى نەرسە ھوقۇقىغا بولغان كېپىللىك مەجبۇرىيىتى

سېتىش - سېتىۋېلىش توختامىدىكى

ساتقۇچىنىڭ نىشاندىكى نەرسە ھوقۇقىغا بولغان كېپىللىك مەجبۇرىيىتى — ساتقۇچى نىشاندىكى نەرسىگە بولغان قانۇنلۇق ھوقۇقتىن بەھرىمەن ئىكەنلىكىگە، ھېچقانداق بىر ئۈچىنچى كىشىنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلمىغانلىقىغا، ھەرقانداق ئۈچىنچى كىشىنىڭ نىشاندىكى نەرسە ئۈستىدە سېتىۋالغۇچىغا ھوقۇق تەشەببۇس قىلمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ساتقۇچى تاپشۇرۇپ بەرگەن نىشاندىكى نەرسىگە قارىتا، ئۈچىنچى كىشىنىڭ سېتىۋالغۇچىغا ھەرقانداق ھوقۇق - مەجبۇرىيەتنى تەشەببۇس قىلىشقا (تەلەپ قىلىشقا) بولمايدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## ئاساسىي نەرسە ۋە ئېقىندى نەرسە

ئاساسىي نەرسە — مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بىرلا كىشىگە مەنسۇپ بولغان، باشقا نەرسە بىلەن ئىشلىتىشتە ئاساسلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈم رولىنى ئوينايدىغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسىي نەرسىگە ئېقىنغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە ئېقىندى نەرسە بولىدۇ. نىشاندىكى نەرسىنىڭ ئاساسىي نەرسىسى پۈتۈنگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، توختام بىكار قىلىنغان بولسا، بىكار قىلىنغان توختامنىڭ كۈچى ئېقىندى نەرسىگىمۇ يېتىدۇ. نىشاندىكى نەرسىگە ئېقىندى نەرسىنىڭ پۈتۈنگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇ بىكار قىلىنسا، بىكار قىلىشنىڭ كۈچى ئاساسلىق نەرسىگە يەتمەيدۇ.

## ئەۋرىشكىگە قاراپ قىلىنغان ئېلىم - سېتىمنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى

ئەۋرىشكىگە قاراپ قىلىنىدىغان ئېلىم - سېتىم — مالنىڭ ئەۋرىشكىسى بويىچە ئېلىم - سېتىم نىشانىنى بېكىتىلىدىغان ئېلىم - سېتىمنى، ساتقۇچى تاپشۇرىدىغان مال بىلەن ئالاقىدار كىشىلەر ساقلىغان ئەۋرىشكىگە ئوخشاش سۈپەتكە ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مالنىڭ ئەۋرىشكىسىگە قاراپ نىشاندىكى نەرسىنى بېكىتىشتە ئىپادىلىنىدۇ. ئەۋرىشكىگەقاراپئېلىم- سېتىم قىلغان ئالاقىدار كىشىلەر ئەۋرىشكىنى پېچەتلەپ ساقلىشى ھەمدە ئەۋرىشكىنىڭ سۈپىتىنى ئىزاھلاپ قويۇشى كېرەك. ساتقۇچى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان نىشاندىكى نەرسە ئەۋرىشكىگە ۋە ئىزاھاتتىكى سۈپەتكە ئوخشاش بولۇش كېرەك. ئەۋرىشكىگە قاراپئېلىم- سېتىم قىلغاندا، سېتىۋالغۇچى ئەۋرىشكىدە يوشۇرۇن نۇقسان بارلىقىنى بىلمىگەن بولسا، تاپشۇرغان نىشاندىكى نەرسە ئەۋرىشكىگە ئوخشاش بولغان تەقدىردىمۇ، ساتقۇچى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان نىشاندىكى نەرسىنىڭ سۈپىتى يەنىلا ئوخشاش نەرسىنىڭ ئادەتتىكى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

## خەۋەردار چاقىرىش - خەۋەردار بولۇش ئېلىم - سېتىمى

خەۋەردار چاقىرىش — خەۋەردار بولۇش ئېلىم- سېتىمى — خەۋەردار چاقىرغۇچى ئېلىم- سېتىم قىلىنىدىغان نىشاندىكى نەرسىنى سېتىش شەرتىنى ئېلان قىلىدىغان، خەۋەردار چىقتۇچى رىقابەتلىك سېتىۋېلىشقا قاتنىشىپ خەۋەردار بولۇش، خەۋەردار چاقىرغۇچى خەۋەردار بولغۇچىنى تاللاپ بېكىتىپ ئېلىم - سېتىم قىلىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. خەۋەردار چاقىرىش - خەۋەردار بولۇش سېتىش - سېتىۋېلىشتا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ھوقۇق- مەجبۇرىيىتى ھەمدە خەۋەردار چاقىرىش - خەۋەردار بولۇش تەرتىپى قاتارلىقلار ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىلىشى كېرەك.

## كەم ئارتۇق سودىسى

كەم ئارتۇق سودىسى — كەم ئارتۇق قىلىپ ساتقۇچى ئاشكارا باھا تالاشتۇرۇش شەكلى بىلەن كەم ئارتۇق قىلىپ ساتىدىغان نىشاندىكى نەرسىنى ئەڭ يۇقىرى باھا قويغۇچىغا سېتىپ بېرىدىغان ئېلىم - سېتىم شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. كەم ئارتۇق سودىسى ئەدلىيىلىك ھوقۇق بويىچە كەم

(داۋامى 18 - بەتتە)

# جىنايەتچىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تەتقىق قىلىش ۋە جىنايەتنى رازۋېد قىلىش توغرىسىدا

باتا

(ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى مەكتەپ رازۋېد كافېدراسى)

ئەقىل - پاراسەت كىشىلەرنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىگە قارىتىلغان. بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنى ئېنىقلاش كېرەككى، جىنايەتچى جىنايى ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى، ئۇلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى ئۈستىدە ئەقىللىقتىن سۆز ئېچىشقا بولمايدۇ، لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىش لازىمكى، مەلۇم مەنىدىن تەھلىل قىلغاندا، جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ۋاسىتىسى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش پەمى (ھىيلىسى)، جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى تەپەككۇرى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلىدا مەلۇم دەرىجىدىكى «ئەقىللىق» مەۋجۇت، بۇ خىل «ئەقىللىق» دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ۋە سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، جىنايەت ئۆتكۈزۈش ماھىرلىقى بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەھەتتىكى ھاماقەتلىكى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىكى ئەقىل - پاراستىنىڭ «ئەقىللىق» دەرىجىسىدە كۆرۈلىدۇ.

ئەقىل - پاراسەت كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ئىقتىدارلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئەكس ئېتىلىشى بولۇپ، ئەقىل - پاراستى ئارقىلىق مەلۇم نەرسىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، شۇ نەرسىلەر ئۈستىدە خۇلاسە چىقىرىدۇ ھەم ئالدىن ئويلىغان مەقسەتكە يېتىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراستى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە، ئۆگىنىش نەتىجىسىگە باغلىق ئەمەس. ئەقىللىق بىلەن بىلىملىك بىر نەرسە ئەمەس، ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ بىلىملىك بولۇشى، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئەقىللىق بولۇشى ناتايىن، ئوخشاش مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى ئەقىل - پاراستى ئوخشاش بولمايدۇ. يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە جىنايەتچىلەرنىڭ ساۋاتسىز جىنايەتچىلەرگە قارىغاندا، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىكى ئەقىل - پاراستىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ناتايىن.

ئۇنداق بولسا جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەقىل - پاراستى دېگەن نېمە؟ جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى ئەقىل - پاراستىنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ جىنايەتنى رازۋېد قىلىش بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟

جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى ئەقىل - پاراستى - جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى ھەر خىل ئىقتىدارنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئەكس ئېتىلىشى، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىكى «ئەقىللىق» دەرىجىسىدىكى خاتىرىسى ۋە مەركەزلىك ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرى ئەقىل - پاراسەت تىپىدىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە، جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەندىكى تەپەككۇر قىلىپ تونۇشى ۋە سۆز ھەرىكەتلىرىدە بىر خىل يۇقىرى سەۋىيىلىك دەرىجە ئىپادىلىنىدۇ. تۆۋەن ئەقىل - پاراسەت تىپىدىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە، جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى سۆز - ھەرىكەتلىرىدە بىر خىل تۆۋەن سەۋىيىلىك دەرىجە ئىپادىلىنىدۇ. جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى

«ئەقىللىق» دەرىجىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بولسا، جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش سۈپەت ۋە سانىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، بەزى ئوغرى جىنايەتچىلەر باشقىلارنىڭ BP ئاپپاراتىنى ئوغرىلىغاندىن كېيىن ئۇنى داۋاملىق ئىشلەتكەنلىكتىن تېزلا قولغا چۈشۈپ قالغان. بۇنىڭدىن جىنايەتچىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنداقلا جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى، كۆزىتىش ئىقتىدارى مەشغۇلات ئىقتىدارى جەھەتتىكى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەلۋەتتە شۇنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، جىنايەتچى قانچە «ئەقىللىق» بولسىمۇ ئۇلارنىڭ «ئەقىللىقلىقى» نۇقسانسىز بولمايدۇ. جىنايەتنىڭ تۈپ ماھىيىتى - جىنايەتچىنىڭ تەپەككۇرى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ھامان پاش بولىدۇ. ھەر كۈنى دېگۈدەك ھەر خىل جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان رازۋېدچىكلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىستراتېگىيە جەھەتتە دۈشمەننى مەنسىتمىگەن تەقدىردىمۇ، تاكتىكا جەھەتتە ئۇلارغا سەل قارىماي، جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەھەتتىكى ئەقىل - پاراسىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى ئوخشىمىغان «ئەقىللىق» دەرىجىسىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانى، ۋاسىتىسى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى ئىگىلەپ، ئۇلار ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىپ، جىنايەت تۈرى بىلەن خاراكتېرىنى بەلگىلەشكە، رازۋېد يۆنىلىشى بىلەن دائىرىسىنى توغرا بېكىتىشكە بولىدۇ.

جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتلىق ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، جىنايەتچىلەرنىڭ «ئەقىل - پاراسىتى»نى تەھلىل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى تۆۋەندىكىدەك:

1. جىنايەت ئۆتكۈزۈش نەق مەيدانى ھەم جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىكى ھەر خىل ئىقتىدارى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ. چۈنكى جىنايەت نەق مەيدانى ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانى جىنايەتچىنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ خاتىرىسى شۇنداقلا جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى. جىنايەت نەق مەيدانى ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى بەش خىل ئىقتىدارى ئۈستىدە يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ.

1) جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى كۆزىتىش ئىقتىدارى

جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى كۆزىتىش ئىقتىدارى - جىنايەتچى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئىپادىلەنگەن بىر خىل جىنايەتنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى بىلەن ئالاقىدار بولغان ئالاھىدە كۆزىتىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئالتاي ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىكى ماگىزىندا ئوغرىلىق دېلوسى يۈز بەرگەن. ئىشىك - دېرىزە قۇلۇپ بۇزۇلمىغان بۇ خىل ئەھۋالدا، رازۋېدچىكلار پىركازچىكلاردىن گۇمانلانغان، لېكىن ھارام مال تېپىلمىغان. ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق جىنايەت گۇماندىسى چىلىقتان. سوراق قىلىش ئارقىلىق بۇ جىنايەتچى ئۇزۇن ۋاقىت كۆزىتىش ئارقىلىق ماگىزىن خىزمەتچىلىرىدە ھەر كۈنى ماگىزىننى ئاچقاندىن كېيىن قۇلۇپنى قۇلۇپلىماي ئىشىككە ئىلىپ قويىدىغان ئادەتنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. جىنايەتچى ئوخشاش قۇلۇپنى سېتىپ ئېلىپ، كۈندۈزى سەزدۈرمەي قۇلۇپنى ئالماشتۇرۇپ، كېچىسى ئاچقۇچ بىلەن ئېچىپ ئوغرىلىق قىلىپ، ماگىزىننىڭ ئۆز قۇلۇپى بىلەن ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويغانلىقىنى ئىقرار قىلغان. ئەھۋال بۇ جىنايەتچىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

2) جىنايەتچىنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى.

جىنايەتچىنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى — جىنايەتچى دېلو سادىر قىلىشتىن بۇرۇن ياكى دېلو سادىر قىلىش جەريانىدا ئىپادىلەنگەن جىنايەت ئۆتكۈزۈش بىلەن ئالاقىدار بولغان بىر خىل ئالاھىدە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، جەمئىيەتتىكى ئالدامچى (قويمىچى) جىنايەتچىلەر كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن مەلۇم كەسپىي بىلىملەرنى (شۇ كەسىپ ئەھلى بولمىسىمۇ) ناھايىتى پىششىق ئەستە ساقلاپ، ئالدانغۇچىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ مەقسەتكە يېتىدۇ.

3) جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى

تەپەككۇر — ئادەم مېڭىسىنىڭ رېئاللىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىنكاس قىلىشىدۇر. جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى — جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ئىپادىلىگەن جىنايەت ئۆتكۈزۈش بىلەن ئالاقىدار بولغان ئالاھىدە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇم ئورۇندا 5-، 6-ئايلاردا ئارقىمۇ ئارقا بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلولىرى يۈز بەرگەن. بۇ جىنايەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە سالامىيتى (30 ياشتىن يۇقىرى بولۇش، بۇرۇن سوتلۇق بولمىغانلىق) بىلەن ھەم رازۋېدچىكلارنىڭ ئادەت خاراكتېرلىك تەپەككۇر قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ داۋاملىق دېلو سادىر قىلغان.

4) جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى

تەسەۋۋۇر قىلىش — كۆز ئالدىدا مەۋجۇت بولمىغان شەيئىلەرنىڭ كونكرېت ئوبرازىنى ئويلاپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتۇر. جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى — جىنايەتچى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئىپادىلەنگەن جىنايەت بىلەن ئالاقىدار بولغان بىر خىل ئالاھىدە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم ئورۇندىكى قاتىللىق دېلوسىدا بىر دېھقان ئايال ئارسىن ئارقىلىق ئىككى قېتىم قاتىللىق دېلوسى سادىر قىلغان. پاش بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، ئارسىننى يېمەكلىككە ئارىلاشتۇرۇپ بەرگەندە پۇرىقىدىن شۇركىنىپ سېزىلىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن كۆمۈلاچ دورىغا ئارىلاشتۇرۇپ بەرگەن. بۇنىڭدىن بۇ جىنايەتچىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە باغلىق ئەمەس، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن جىنايەتچىلەرمۇ مەلۇم خىل گەۋدىلىك تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ.

5) جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى باشقۇرۇش ئىقتىدارى

جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى باشقۇرۇش ئىقتىدارى - جىنايەتچى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ياكى جىنايەت ئۆتكۈزگەندە ئىپادىلىگەن جىنايەت بىلەن ئالاقىدار بولغان بىر خىل ئالاھىدە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئىقتىدار جىنايەتچىنىڭ كەسپى، ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم ئورۇندا بىر ئايال ئۇخلاش ھالىتىدە ئۆلگەن. ئېرى شۇ كۈنى زاۋۇتتا دېژۇرنى بولغان. ئامما ئۇ ئايالنىڭ ئۆلۈشى توغرىسىدا ھەر خىل ئىنكاس بولغانلىقتىن، قانۇن دوختۇرى جەسەتنى قايتىدىن تەپسىلىي تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈشتە ئۆلگۈچىنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە يىڭنە تۆشۈكىدەك بىر قارا نۇقتا بولۇشتىن سىرت ھېچقانداق بەدەن سىرتىي زەخمىلىنىش، زەھەرلىنىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن. ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق يۇقىرى بېسىملىق تۆۋەن ئامپېرلىق توك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم بولغان، بۇ خىل ئەھۋالدا ئېلېكتىر بىلىمىدىن خەۋەردار بولغان كىشىلەر گۇماندار بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

2. جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەھەتتىكى ھەر خىل ئىقتىدارلىرى ئىپادىلىگەن ئەقىل - پاراسەت سەۋىيىسىدىن جىنايەتچىنىڭ يېشى، كەسپى، ئېغىرلىقى، ئېگىزلىكى ۋە

تورمۇش ئادەتلىرى ئۈستىدىن يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ. جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدە ئىپادىلەنگەن ئىقتىدارى ئۇنىڭ يېشى، كەسپى، بەدەن ھالىتى ۋە تورمۇش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى مەشغۇلات، باشقۇرۇش ئىقتىدارى بالاغەتكە يەتكەنلەرگە قارىغاندا تۆۋەن بولىدۇ. جەسەت پارچىلاش دېلوسىدا، تاشقى كېسەللەر دوختۇرى بىلەن قاساپلارنىڭ جەسەت پارچىلاشتىكى ئىقتىدارى باشقىلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ؛ ھازىر بەزى ئورۇنلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان كومپيۇتېر ئارقىلىق دېلو سادىر قىلىشتا جىنايەتچىدە كومپيۇتېرنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا يۇقىرى ئەقىل - پاراسەت ئىشلىتىپ جىنايەت سادىر قىلىش، جىنايەتچىلەرنىڭ كەسپى، كەسپىي خاراكتېرلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر ئىقتىدارى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

3. جىنايەتچىنىڭ «ئەقىللىق» دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىدىن يەنى جىنايەتچى جىنايەت سادىر قىلغان چاغدىكى تەپەككۇرى بىلەن جىنايى ھەرىكەتنىڭ «ئەقىللىق» ياكى ئەمەسلىكىدىن جىنايەتچىنىڭ بىرىنچى قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ياكى ئادەتلەنگەن جىنايەتچى ئىكەنلىكى ئۈستىدە يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئوغرىلىق دېلولىرىدا جىنايەتچىنىڭ ۋاقىت تاللىشى، پەيتنى تاللىشى، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىكى كۆزىتىش ئىقتىدارى، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارغا ئاساسەن بىرىنچى قېتىملىق جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى ياكى ئادەتلەنگەن جىنايەتچى ئىكەنلىكى ئۈستىدە يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ.

دېلو سادىر بولغاندىن كېيىن جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى ئەقىل - پاراسىتىنى يەنى «ئەقىللىق» دەرىجىسىنى تەتقىق قىلىشتا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئاندىن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ جىنايەتچىلەرگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ، قانداق ئەقىل - پاراسىتى بولسا، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەرىكىتى بولىدۇ. جىنايەتچىلەرمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولمايدۇ. يۇقىرى ئەقىل - پاراسەت تىپىدىكى جىنايەتچىلەر تۆۋەن ئەقىل - پاراسەت تىپىدىكى جىنايەتچىلەرگە قارىغاندا دېلو سادىر قىلىش ۋاقتىنى تاللاشقا، دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ئوبيېكتنى پەرقلەندۈرۈشكە، ئۆزىگە خاس ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا، جىنايەت ئۆتكۈزۈش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشكە، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولىدۇ.

زامانىۋى پەن - تەتقىقاتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى يۇقىرى ئەقىل - پاراسەت تىپىدىكى جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر جىنايەت ئۆتكۈزۈش ۋاستىسىنى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش پەمنى (ھىيلىسىنى) نەيرەڭلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتمەكتە. بۇ خىل يۇقىرى ئەقىل - پاراسەت تىپىدىكى ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرنى قانداق كونترول قىلىش ۋە ئۇلارغا قانداق زەربە بېرىش بىز دۇچ كېلىدىغان يېڭى مەسىلىدۇر. مېنىڭ قارىشىمچە بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەش زۆرۈر.

1. ئالدى بىلەن كەڭ كادىر - ساقچىلارنىڭ ئەقىل - پاراسەت سەۋىيىسىنى ۋە ئەقىل - پاراسەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. يەنى رازۋېد قىلىش ساپاسىنى، پسىخىكىلىق ساپاسىنى ۋە ئەقىل - پاراسەت جەھەتتىكى ساپاسىنى شۇنداقلا رازۋېد جەريانىدىكى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى، كۆزىتىش ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى، باشقۇرۇش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. شۇ چاغدىلا تولۇپ - تاشقان ئىشەنچە بىلەن يۇقىرى ئەقىل - پاراسەت تىپىدىكى جىنايەتچىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىشقا بولىدۇ.

2. جىنايەتچىنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن جىنايەت سادىر قىلىش جەريانىدىكى ئەقىل - پاراستى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تەتقىق قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. بىزگە مەلۇمكى جىنايەتچىنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى ئەقىل - پاراستى ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ دەل كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراستىدە پەرق بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، بۇ خىل پەرققە ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئوخشاش، جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى ئەقىل - پاراستى بىلەن جىنايەتچىنىڭ ئەقىل - پاراستى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئېتىراپ قىلىشمىز، بۇ خىل پەرقلەرگە قارىتا رازۋېدكا خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈندۇر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا دېلونىڭ خاراكتېرىگە يەكۈن چىقىرىپ، رازۋېدكا يۆنىلىشىنى بېكىتىپ، رازۋېدكا دائىرىسىنى ئايرىپ، نۇقتىلىق كىشىلەرنىڭ تېگىنى ئېنىقلاپ سەپكە تۇرغۇزۇپ، جىنايەتچىنى تۇتۇش خىزمەتلىرى ئۈچۈنشلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

3. ھەر خىل جىنايەت بىلەن ئەقىل - پاراسەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولۇش لازىم.

ھازىرقى زاماندا جىنايى ئىشلار جىنايەت دېلولىرى خىلمۇ خىل بولماقتا. ئۇلار نۇرغۇنلىغان سۈيقەست ۋە ئالدامچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭلاشقا ھەر خىل جىنايى ئىشلار دېلولىرى بىلەن جىنايەتچىنىڭ ئەقىل - پاراستى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەھلىل قىلمىساق، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتىكى تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، كومپيۇتېر ئارقىلىق جىنايەت سادىر قىلىش، زەھەرلىك بويۇملاردىن پايدىلىنىپ جىنايەت سادىر قىلىش، ناركوز قىلىش دورىلىرىدىن پايدىلىنىپ جىنايەت سادىر قىلىش، ئىناۋەتلىك كارتوچكىدىن پايدىلىنىپ جىنايەت سادىر قىلىش، توختامنامىدىن پايدىلىنىپ جىنايەت سادىر قىلىش قاتارلىقلاردا بۇ مەسىلە ناھايىتى گەۋدىلىك. ئومۇمەن، يۇقىرى ئەقىل - پاراسەت تېپىدىكى زامانىۋى جىنايەت دېلولىرىنىڭ ھەممىسى، جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى ئەقىل - پاراسەت دەرىجىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، جىنايەتچىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدىكى ئەقىل - پاراستى بىلەن جىنايەت دېلولىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش، مەيلى جىنايەت قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئازايتىش بولسۇن، مەيلى جىنايەت قىلمىشلىرىنى كونترول قىلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشتە بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر.

**زەينۇللا تەھرىرلىدى**

---

(بېشى 13 - بەتتە)

ئارتۇق قىلىپ سېتىش، خوسۇسىي قانۇن بويىچە كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىشتىكى ئالاقىدار كىشىلەر، يەنى كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىش مۇناسىۋىتىنىڭ سۇبيېكتى — كەم ئارتۇق قىلىپ ساتقۇچى، ھاۋالە قىلىنغۇچى، ئالىشىپ سېتىۋالغۇچى، سېتىۋېلىشنى قارار قىلغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەم ئارتۇق سودىسىدىكى ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى ھەمدە كەم ئارتۇق سودىسىنىڭ تەرتىپى قاتارلىقلار ئالاقىدار قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىلىشى كېرەك.

**ئايگۈل ئىبرايىم تەھرىرلىدى**

# دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدا

قەھرىمان سالى

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتى)

دىن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىنىڭ بىر خىل شەكلى، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۇ ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىيالىي شەكىل ئارقىلىق رېئال دۇنيانى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان بىر خىل مېتا فىزىكىلىق دۇنيا قاراش. شۇنداقلا ئىنسانلار تارىخىدىكى بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇ ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، قانۇن بويىچە باشقۇرماسا بولمايدىغان ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ھەققىدە بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي تۇرمۇشىنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر شەرتلەر ھازىرلاندى، بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى. مۇستەقىل ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسىدا دىنىي ئىشلار جەھەتتىكى تاشقى دوسلۇق مۇناسىۋىتى قانات يايدۇرۇلدى، دېمەك، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە دۆلەت تۈرلۈك زۆرۈر شەرت شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا بەلگىلىك ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ زور دەرىجىدە ياخشىلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتتى. لېكىن پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى توغرا ئىگىلىيەلمىگەن ۋە چۈشىنەلمىگەن ئاز ساندىكى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار مانا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «دىنىي ئېتىقاد» ئەركىنلىكىنى «دىنىي» ئەركىنلىك دەپ قاراپ، پايدىلىنىشقا بولمايدىغانلىكى ئاممىۋى سورۇنلاردا خالىغىنىچە ۋەز ئېيتىپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەن ئاممىنى دىنىي ئېتىقاد بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنى ئىدىيە جەھەتتىن بىخوتلاشتۇردى. يەنى بىر تەرەپتىن، رايونىمىزدا ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى يولغا قويغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىز باسار يېتىشتۈرۈش

مەقسىتىدە مەدرىس ئېچىپ تالىپ تەربىيىلىدى. مانا بۇ تالىپلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەڭ يېزا - قىشلاقلىرىغا تارقىلىپ، تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئىشتىن سىرتقى مەدرىسلەرنى ئېچىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، بىر قىسىم جايلار پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر «ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق قائىدىسى»نى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلماي، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ كۆپىيىشىگە، دىنىي سورۇنلارنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشىغا يېشىل چىراق يېقىپ، ئۇنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشقا سەل قارىدى، شۇنىڭ بىلەن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ناھايىتى تېز كۆپىيىپ، ھەربىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە بىردىن ئىككىگىچە ھەتتا بەزىلىرىدە ئۈچكىچە مەسچىت سېلىنىدى. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرنىڭ دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 1978 - يىلى 37 مەسچىت بولغان بولسا، 1997 - يىلىغا كەلگەندە 418 مەسچىتقا كۆپەيگەن، مەسچىتنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ سانىمۇ كۆپەيگەن، ھەتتا ئوقۇش يېشىدىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرنىڭ دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ سانى 1993 - يىلى 268 نەپەر بولغان بولسا، 1997 - يىلىغا كەلگەندە 1100 گە يەتكەن. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، دىنىي ئېتىقاد بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانىمۇ يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ بارغان. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دىنغا ئېتىقاد قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 1993 - يىلى 3 نەپەر بولغان بولسا، 1997 - يىلى 31 نەپەرگە كۆپەيگەن. دېمەك، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياش - ئۆسمۈرلەردىن تارتىپ پارتىيە ئەزالىرىغىچە كېڭەيگەن. دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى چەكلىمىگە ئۇچرىغان. دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ياكى دىنىي پائالىيەتكە قاتناشمايدىغان كىشىلەرنى كەمسىتىش ۋە چەتكە قېقىش ھادىسىلىرى خېلى كۆپ يۈز بەرگەن. ھەتتا بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىشقا مەجبۇر بولغان. يەنە بەزى ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرى ئۆز دائىرىسىدىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بېجىرىشتە مەسچىتنىڭ ئىمام مەزىنلىرىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئاندىن ئىش بېجىرگەن. بەزى ئورۇنلاردا دىنىي ئىشلار قانۇنىي بويىچە قاتتىق باشقۇرۇلمىغاچقا، ئۇ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا، ئەدلىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىمۇ كۆپەيگەن. ھەتتا چەكتىن ئاشقان دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر «ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىشى پەرز» دەپ تەشۋىق قىلىپ، ئاياللارنى چۈمبەل تارتىشقا دەۋەت قىلدى ۋە قىستىدى. بۇنىڭ بىلەن يۈزىگە چۈمبەل تارتىدىغان ئاياللارنىڭ سانىمۇ تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا 1997 - يىلىنىڭ بېشىدا چۈمبەل تارتىدىغان ئاياللار تېزدىن كۆپىيىپ 928 نەپەرچە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 35 ياشتىن تۆۋەن بولغان ئاياللار 516 نەپەر بولۇپ، يۈزىگە چۈمبەل تارتقان ئاياللار ئومۇمىي سانىنىڭ 56% نى ئىگىلىگەن. دېمەك، مانا مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ شارائىتنى ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قارىغان دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىلەن ئاز ساندىكى دىن تونىغا ئورنىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ھەتتا تېررورلۇق قاتارلىق تۈرلۈك جىنايى ئىشلار

جىنايىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى پاراكەندە قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يۈز بېرىۋاتقان دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى ۋە تېررورلۇق جىنايىتىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرىنى دىنىي مەسىلىلەردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يۈز بەرگەن دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتىنىڭ سانى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ بارغان. دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن ياشلار 1996 - يىلى 88 نەپەر بولغان بولسا، 1997 - يىلى 118 نەپەر بولغان. 1998- يىلى 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتىنى سادىر قىلغانلار 69 نەپەر بولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە %85 تى 28 ياشتىن تۆۋەن ياشلار بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم تېپىك تېررورلۇق جىنايىتى سادىر قىلغان جىنايەت شايكىلىرىنىڭ ئەزالىرى 28 ياشتىن تۆۋەن ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىي ساۋات ئالغانلار. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 1998 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يۈز بەرگەن ئەكسىيەتچىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىدە جىنايەت شايكىسىنىڭ 19 ئەزاسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېشى 28 ياشتىن تۆۋەن، ھەممىسى دىنىي ساۋات ئالغان. 1998 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يەنە شۇ جايدا ئەكسىيەتچىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق شايكىسى پاش قىلىنغان بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ 16 نەپەر ئەزاسىنىڭ يېشى 28 ياشتىن تۆۋەن، ھەممىسى دىنىي ساۋات ئالغان، دېمەك، يۇقىرىقى ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ئىشلىرىغا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم ھالدا ئېشىشىغا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق.

رايونىمىزدا دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

(1) ماركسىزملىق دىنىي قاراش ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. مەيلى دىنىي مەسىلە بولسۇن ياكى قانۇن مەسىلىسى بولسۇن ھەممىسى ئۇستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ھەرۋاقىت ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇستقۇرۇلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان دىن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇ كىشىلەر مېڭىسىدە ئەزەلدىن بولغان ئەمەس، ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈپ كىرگەن. بىز ماركسىزمچىلارنىڭ دىن بىلەن بولغان كۆرىشىمىز كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى تالىشىش كۆرىشى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ماركسىزم ئىگىلىمەيدىغان بولسا دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئىگىلەپ ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماركسىزملىق دىنىي قاراش ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

(1) مەجبۇرىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئېلىۋاتقان ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئاتېزىم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ بېرىش كېرەك.

(2) ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۈرلۈك پايدىلىق ئامىللارنى

ئىشقا سېلىپ ياشلار ئىتتىپاقى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ جەڭگىۋارلىق رولىدىن تولۇق پايدىلىنىش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارسالدى ۋاقىتلىرىدا تۈرلۈك ئىلىم - پەننى تەشۋىق قىلىپ، خۇراپىيلىقنى چەكلەيدىغان تەشۋىقات ئەترەتلىرىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈپ، ماركسىزمنىڭ دىن ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، توغرا دۇنيا قاراش، مىللەت قارىشى ۋە دىنىي قاراشنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

(3) ئەدەبىيات سەنئەت سېپىدە يېزىلارغا مەدەنىيەت يەتكۈزۈش خىزمىتىنى بوشاشماي ئېلىپ بېرىپ، يېزا كەنتلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش كېرەك.

2) ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىرلار ئاممىا بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىدىغان، بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان تايانچلاردۇر. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ قانداق بولۇشى پارتىيىنىڭ ئوبرازىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەر ۋاقىت ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايلاردىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ غېمىنى يېيىشى، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ھەر ۋاقىت قوبۇل قىلىشى، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى بوشاشماي ئىجرا قىلىشى كېرەك. نۆۋەتتە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى يەنىلا ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىدىن، بولۇپمۇ ئىسلاھاتنىڭ تەلىپىدىن يەنىلا يىراق، شۇڭا، ئۇلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئاممىا چوڭقۇر ئىشىنىدىغان، ئاممىنىڭ سىردىشىغا ئايلىنالايدىغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى تېزدىن ئورنىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئاساس تۇرغۇزۇش كېرەك.

3) پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىغىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدىكى قارارىنى تىرىشىپ تولۇق ئورۇنداپ، نامراتلارنى بېيىش يولىغا توغرا يېتەكلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى تېز، تولۇق، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىجرا قىلىشتا يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى، خەلق ئاممىسىغا جاۋابكار بولۇش يۈزىسىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىگە ئۆز ۋاقتىدا توغرا ئىنكاس قىلىش، ھەم مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىش، ھەم مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي ۋەزىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك.

4) پەن - تېخنىكىنى تىرىشىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ پەن - تېخنىكىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، بولۇپمۇ دېھقانلارنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۇچۇرلىرى، يېڭى پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەپ، ئۇلارنى بېيىش يولىغا توغرا يېتەكلەش ۋە ئۇلارغا ئۆز ئىگىدارلىقىدىكى مال - مۈلۈكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ يوللىرىنى تېپىپ بېرىش كېرەك.

5) يېزىلاردىكى قانۇن مۇلازىمەت خىزمىتىنى تىرىشىپ كۈچەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى يېزىلاردا، شۇڭلاشقا يېزا كەنتلەرنىڭ قانۇن مۇلازىمەت خىزمىتىنى، بولۇپمۇ دېھقان ئائىلىلەرگە دائىر قانۇن مۇلازىمەتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا - كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈم كۆز قارىشىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈش كېرەك. شۇنىڭدەك يەنە يېزا - كەنتلەردە يۈز بەرگەن تىپىك دېلولارنى سەييارە سوت قىلىش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، تىپىك دېلولار بىلەن دېھقانلارنى ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە قىلىش كېرەك.

6) دىنىي سورۇنلارنى ۋە دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ،

(ئاخىرى 45 - بەتتە)

# ئاساسىي قانۇننى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى

قادىر ئىبرايىم

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتى)

ئاساسىي قانۇن — دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، ئەلنى خاتىرجەم قىلىدىغان باش نىزامنامە، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ھەممىيلەن رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ھەرىكەت نىزامىدۇر. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1954 - يىلى، 1975 - يىلى، 1978 - يىلى ۋە 1982 - يىلى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تۆت ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىقىلىپ يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1982 - يىلى ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇن ياخشى ئاساسىي قانۇن بولسىمۇ، ئەمما دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىدىن قارىغاندا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنىڭ بايراق مەسىلىسى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي تۈپ تەدبىرى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە تەقسىمات تۈزۈمى، بازار سۇبيېكتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە تېخىمۇ لايىقلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قانۇنغا يەنە 1988 - يىلى ۋە 1993 - يىلى ئىككى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئۈچۈن قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى. 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈچىنچى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ماسلاشتۇردى. بۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزۈتىلمىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىزدا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا ئاساسىي قانۇننىڭ ئورنى، تۈزىتىش كىرگۈزۈش پرىنسىپى ۋە جەريانى، تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم.

## بىرىنچى. ئاساسىي قانۇننىڭ ئورنى

ئاساسىي قانۇن تۈپ چوڭ قانۇن بولۇپ، ئادەتتىكى قانۇنلاردىن تۆۋەندىكى تەرەپلەردە پەرقلىنىدۇ:

1. مەزمۇنى ئوخشىمايدۇ. ئادەتتىكى قانۇنلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىگىلا چېتىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، ھەق تەلەپ قانۇنىي پۇقرالار بىلەن قانۇنىي ئىگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مال- مۈلۈك مۇناسىۋەتلىرى ۋە جىسمانىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇنىي جىنايەت، جازاغا ئائىت مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدۇ. ئاساسىي قانۇن بولسا دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدۇ. ئۇنىڭدا دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى بەلگىلەنگەن بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئەڭ تۈپ ھەرىكەت نىزامى ھېسابلىنىدۇ.

2. تۈپ قانۇن ئادەتتىكى قانۇنلارنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى. ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنىڭ تۈپ

تۈزۈمى ۋە دۆلەت تۈرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلار بەلگىلەنگەن بولغاچقا، باشقا ئادەتتىكى قانۇنلارنى تۈزۈشتە ئاساسىي قانۇن ئاساس قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» نىڭ 1 ـ ماددىسىدا: «بۇ قانۇن پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىي جەھەتتىكى ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ھەق تەلەپ مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا تەڭشەش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش مەقسىتىدە، ئاساسىي قانۇنغا ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىنائەن ھەق تەلەپ پائالىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا تۈزۈلدى» دەپ بەلگىلەنگەن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 1 ـ ماددىسىدا: «بۇ قانۇن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا بىنائەن تۈزۈلدى» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭلاشقا ئاساسىي قانۇن ئانا قانۇن، ئادەتتىكى قانۇنلار بالا قانۇن ھېسابلىنىدۇ.

3. تۈپ قانۇننىڭ كۈچى ئۈستۈن تۇرىدۇ، دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا: «قانۇن، مەمۇرىي نىزام ۋە يەرلىك نىزاملارنىڭ ھېچقايسىسى ئاساسىي قانۇنغا زىت كەلمەسلىكى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭلاشقا ئادەتتىكى قانۇنلار ئاساسىي قانۇنغا زىت كەلمەسلىكى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈشى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك.

4. تۈپ قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈش تەرتىپى باشقا ئادەتتىكى قانۇنلارغا ئوخشىمايدۇ. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ 64 ـ ماددىسىدا: «ئاساسىي قانۇنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپى ياكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ تەكلىپى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئومۇمىي ۋەكىللىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدۇ. قانۇنلار ۋە باشقا تەكلىپلەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئومۇمىي ۋەكىللىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ماقۇللىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇننىڭ ئورنى يۇكسەك ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى تۈپ خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقتىن ئۇنى ئاسان ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە توغرا كەلسە، ئادەتتىكى قانۇنلارغا قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق بولغان ھەتتاكى مۇرەككەپ بولغان تەرتىپتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## ئىككىنچى. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈش پرىنسىپى ۋە جەريانى

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇن 1982 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بەلگىلەنگەن مەزمۇنلار ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، خەلقنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى كۈچەيتىش ۋە قوغداشتا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىدى. دۆلىتىمىزدە كۈندىن ـ كۈنگە چوڭقۇرلىشىۋاتقان ئىسلاھات ئەمەلىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى، ئاساسىي قانۇنغا يېڭى ئەمەلىيەت، يېڭى تەرەققىياتقا ئاساسەن ۋاقتىدا زۆرۈر بولغان تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاش ئېلىپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك بولغان ھەم پىشقان مەسىلىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش، تۈزىتىش كىرگۈزۈلمىسىمۇ ـ كىرگۈزۈلمىسىمۇ بولىدىغان مەسىلىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزمەسلىك پرىنسىپى بويىچە ئۇنىڭغا ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ ئۈچ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. بىرىنچى قېتىم 1988 ـ يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ چاغدا جەمئىي ئىككى ماددىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەنىدى. يەنە بىرى، 11 ـ ماددىغا: «دۆلەت خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە راۋاجلىنىشىغا يول قويىدۇ. خۇسۇسىي ئىگىلىك سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ قوشۇمچىسىدۇر.

دۆلەت خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. خۇسۇسىي ئىگىلىككە يېتەكچىلىك، نازارەتچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ» دېگەن مەزمۇننى قوشۇپ بەلگىلىدى. يەنە بىرى، 10 - ماددا 4 - تارماقتىكى «ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسلەرنىڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىشىغا، ئېلىش - سېتىشىغا، ئىجارىگە بېرىشكە ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن قانۇنسىز ئۆتۈنۈپ بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ « ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسلەرنىڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىشىغا، ئېلىش - سېتىشىغا ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن قانۇنسىز ئۆتۈنۈپ بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ. يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئىككىنچى قېتىم 1993 - يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ چاغدا جەمئىي 9 ماددىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ئىدى. يەنى ئاساسلىقى «سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى»، «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى» ۋە «ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى. «پىلانلىق ئىگىلىك» دېگەننىڭ ئورنىغا «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى» دېگەن سۆز، «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىگىلىك»، «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا» دېگەننىڭ ئورنىغا «دۆلەت ئىختىيارىدىكى ئىگىلىك»، «دۆلەت كارخانىلىرى» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلدى. «يېزا خەلق گۇڭشېسى» دېگەن سۆز چىقىرىپ تاشلىنىپ «مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» نىڭ قانۇنىي ئورنى تۇرغۇزۇلدى. ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ دېگەن سۆز بەش يىل دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئۈچىنچى قېتىم 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ جەريانىغا كەلسەك، 1997 - يىلى ئېچىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىنى ئاساس قىلىپ، ئاساسىي قانۇننىڭ قىسمەن مەزمۇنىغا مۇۋاپىق تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈش پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش گۇرۇپپىسى قۇردى. يولداش لى پېڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. ھەممە ئاساسىي قانۇننىڭ قىسمەن مەزمۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ دەسلەپكى پىكىرلىرىنى تەييارلاشنى ئۇيۇشتۇردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنىدا پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللانغاندىن كېيىن 1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوملار، مەركەزنىڭ مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىنىستىرلىك كومىتېتلىرىنىڭ پارتكوملىرى، ھەربىي كومىتېتنىڭ باش سىياسىي بۆسى، خەلق تەشكىلاتلىرى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى ۋە مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزالىرىدىن پىكىر ئېلىشقا تارقىتىپ بېرىلدى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىي قانۇننىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر توغرىسىدا دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە

پارتىيە گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرىنىڭ پىكرى ئېلىندى. يولداش لى پېڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش گۇرۇپپىسى 12 - ئاينىڭ 22-، 24 - كۈنى ئاچقان قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرى سۆھبەت يىغىنىدا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىر ئېلىندى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ھەر جەھەتتىكى پىكىرلەرنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، ئېلىنغان دەسلەپكى پىكىرلەرنى تۆۋەنگە تارقىتىپ يەنە تۈزىتىش كىرگۈزدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېت يىغىنى ۋە سىياسىي بيۇرو يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ قىسمەن مەزمۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 - يىغىنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىنى مۇزاكىرە قىلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ 64- ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇندى. لايىھە 2811 ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى، 21 ئاۋازنىڭ قارشى چىقىشى، 24 ئاۋازنىڭ ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى بىلەن 99 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى %4. 98 ئۈستۈنلۈك بىلەن ماقۇللاندى. بۇ قېتىم ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە 1988 - يىلى ۋە 1993 - يىلىدىكى تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى ئۇسۇلى داۋاملىق قوللىنىلىپ، نەشردىن چىققان نۇسخىسىدىكى تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى بويىچە ئەسلىدىكى تېكستى ئۆزگەرتىلدى. بۇ قېتىملىق تۈزىتىش ئاساسىي قانۇنىنىڭ سۆز بېشى، 5 - ماددىسى، 6- ماددىسى 8 - ماددىسى، 11 - ماددىسى ۋە 28- ماددىسىدىن ئىبارەت جەمئىي 6 ماددىغا چېتىشلىق بولسىمۇ، ئۇنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيە بولۇش ئورنى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ تەدبىرى، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە تەقسىمات تۈزۈمى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە كىرمەيدىغان ئىگىلىكنىڭ مۇھىم رولى قاتارلىقلار ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى.

**ئۈچىنچى، ئاساسىي قانۇنغا بۇ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى**

1. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىلىك ئورنى تۇرغۇزۇلدى.

1997 - يىلىدىكى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا ۋە يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنىڭ بايراق مەسىلىسى ھەل بولغانىدى. بۇ قېتىم ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى دەپ بېكىتىلىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنى ئاساسىي قانۇن بىلەن تەمىن ئېتىلدى ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور ھەم چوڭقۇر. دۆلىتىمىزنىڭ 20 يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئېتىراپ قىلغان غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىك ئەمەلىيىتى بۈگۈنكى جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا نەزەرىيە بىلەن ئەمەس، پەقەت ماركسىزم بىلەن ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىلا ھەل قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھازىرقى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى توغرا

نەزەرىيە. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى ئىدىيە سۈپىتىدە ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىنى تۈپ قانۇن شەكلى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشتەك بۇنداق تۈزىتىش پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى بىلەن تامامەن بىردەك بولۇپ، ئۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىدا داۋاملىق ماڭىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈش، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى.

ئاساسىي قانۇن دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، ئەلنى خاتىرجەم قىلىدىغان باش نىزامنامە، بۇ باش نىزامنامىدا ھەم دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان يېتەكچى ئىدىيە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىمۇ ھەم دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان تۈپ ئومۇمىي تەدبىر توغرىسىدىكى بەلگىلىمىمۇ بولۇشى كېرەك. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشنى پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى تۈپ ئومۇمىي تەدبىر قىلىپ بېكىتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم يەنە ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلگەنلىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى تولۇق نامايەن قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تۈپ ئومۇمىي تەدبىرنى ئاساسىي قانۇن يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى تۈپ چوڭ قانۇندا بېكىتىپ، دۆلەت ۋە خەلق ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇختا قانۇنچىلىق ئاساس يارىتىپ بەردى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەستىن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىغا ماڭغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز دائىم ئېيتىپ كېلىۋاتقان قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش «خەلقنى ئىدارە قىلىش» بولماستىن بەلكى «خەلق ئىدارە قىلىش» دېگەنلىكتۇر. بۇ قېتىمقى بېرىلگەن تۈزىتىش دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تۈپ ئومۇمىي تەدبىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكىگە، مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئېھتىياجى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، ئەدلىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام، مۇقىم راۋاجلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە تەقسىمات تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك قاتارلىق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە كىرمەيدىغان ئىگىلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىز ئىسلاھات ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە تەقسىمات تۈزۈمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تېپىپ چىقتۇق. 1982 - يىلى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇندا يەككە ئىگىلىكنىڭ قانۇنلۇق ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، «سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تولۇقلىمىسى» دەپ بېكىتىلگەنىدى. 1988 - يىلى 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش

كىرگۈزۈلۈپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇنلۇق ئورنى ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۇ «سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكنىڭ تولۇقلىمىسى» قىلىنغانىدى. 1988 - يىلدىن كېيىن بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى ۋە پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى» نىڭ ئاساسىي قانۇنغا رەسمىي كىرگۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە كىرمەيدىغان ئىگىلىك ئاكتىپ، بازار سۇبيېكتى سۈپىتىدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئاساسىي قانۇننىڭ بۇ قېتىم يەنە تۈزىتىلىشى ھەم ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن قانۇن ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەنلىك بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

4. «ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت» نى باستۇرۇش دېگەن سۆز «دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايى ھەرىكەتلىرى» نى باستۇرۇش دەپ ئۆزگەرتىلىپ، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئىلمىيلاشتۇرۇلدى. 1982 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ 28 - ماددىسىدا دۆلەت «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ۋە باشقا ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندە ئۇنى دۆلەت «ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىدىغان ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان باشقا جىنايى ھەرىكەتلەرنى باستۇرىدۇ» دەپ ئۆزگەرتتى. بۇ قارىماققا بىر قانچە سۆزدىكى ئۆزگىرىشتەك كۆرۈنگەن بىلەن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ. ئۇ ئېلىمىزنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى نامايەن قىلدى. ئاساسىي قانۇننى ئىلمىي ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۈزۈش تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى. بۇ روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. «ئەكسىلئىنقىلاب» دېگەن بۇ سۆز قانۇن ئاتالغۇسى بولماستىن، بەلكى سىياسىي ئۇقۇم بولغانلىقى، يەنە بىرىپ ئۇنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجمى ئېنىق بولمىغانلىقتىن مەنىسىنى توغرا بېكىتىش قىيىن بولۇپ كەلگەنىدى. 1997 - يىلى 5- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 - يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت دېگەن سۆز دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. بۇ قېتىم تۈزىتىلگەن ئاساسىي قانۇندا «ئەكسىلئىنقىلاب» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايى ھەرىكەتلەر» دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق سىستېمىسىدىكى تۈپ قانۇن بىلەن يەككە يولغا قويۇلىدىغان ئاساسلىق قانۇندىكى سۆزنى بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن پايدىلىق. بۇ يەنە دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايى ھەرىكەتلىرىگە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك زەربە بېرىشكە ۋە خەلقئارا قانۇن مەناسىدىكى دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداشقا پايدىلىق.

**تۆتىنچى. ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇش مەسىلىسى**

پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21 - ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش» تىن ئىبارەت سىياسىي خىتاپنامە ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. يېقىندا چاقىرىلغان 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇرۇڭجى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى داۋاملىق

ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەتنى پەن - تېخنىكا، مائارىپ بىلەن گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش ... دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقنى ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى. مىللىي روھنى قايتا ئۇرغىتىش ۋە ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئېھتىياجى. ئاساسىي قانۇنغا بۇ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسى ۋە تۈپ مەنپەئىتىنىڭ دۆلەت ئىرادىسى شەكلىگە، يەنى قانۇنغا ئايلاندۇرۇلغانلىقى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىگە، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن. ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەت تۇرمۇشىدىكى رولىنى يەنىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان.

ئاساسىي قانۇننىڭ سۆز بېشىدا: «ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى، بۇ ئالىي قانۇن كۈچىگە ئىگە. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر ھەرقايسى پارتىيىلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا تەشكىلاتلىرى، كەسپىي تەشكىلاتلار ئاساسىي قانۇننى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مىزانى قىلىشى ھەمدە ئاساسىي قانۇننىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى قوغداش، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بۇرچىنى ئادا قىلىشى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى ھەقىقىي يوسۇندا قوغداش ۋە ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا تۆۋەندىكىلەرگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

1. بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئاساسىي قانۇنغا رىئايە قىلىش، قەتئىي ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. ھەرقانداق دۆلەت ئورگانلىرى، تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەردە ئاساسىي قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىمتىياز بولماسلىقى لازىم. ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، قانۇنغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ بارلىق قىلمىشلار سۈرۈشتە قىلىنىشى لازىم.

2. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش داۋامىدا، ئاساسىي قانۇنغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، كىشىلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن نۇقتىئىنەزىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. كەڭ خەلق ئاممىسى ئاساسىي قانۇننى ئىگىلىسە، ئاساسىي قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلسا، بۇ ئاساسىي قانۇننى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشتىكى زور كۈچ بولىدۇ.

3. ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەر خىل تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. تەربىيە— ئاساس. قانۇنچىلىق كاپالەت، نازارەتچىلىك — ئاچقۇچ. شۇڭلاشقا ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان دائىم خاراكتېرلىك نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ ھادىسىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ئاساسىي قانۇندىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

زەينۇللا، ئايگۈل ئىبرايىم تەھرىرلىدى

# بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى قوللىنىشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا

قۇربان ئىبراھىم

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتى)

بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش - خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ جىنايەت گۇماندارى ياكى جاۋابكارنى قانۇن بويىچە كېپىل كۆرسىتىشكە ياكى كېپىللىك پۇلى تاپشۇرۇشقا ھەمدە كاپالەتنامە يېزىپ بېرىشكە بۇيرۇپ، ئۇلارنىڭ تەھقىقلەش، ئەيىبلەش ۋە سوت قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقىغا، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىغا ھەمدە چاقىرتىلغاندا ۋاقتىدا ھازىر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر خىل مەجبۇرلاش تەدبىرىدۇر . بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تەدبىرىنى توغرا تەدبىقلاش - تەھقىقلەش، ئەيىبلەش، سوت قىلىش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 96 - يىلدىكى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا، بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تەدبىرىگە قارىتا زور تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، تەدبىقلاش شەرتلىرى، قارار قىلىدىغان ئورگانلار ھەمدە تەدبىقلاش تەرتىپلىرىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ مەشغۇلاتچانلىقىنى ئاسانلاشتۇردى. ئەمما، ئەدلىيە ئەمەلىيىتى داۋامىدا يەنىلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

خەلق سوت مەھكىمىسى ئەيىبلەنگەن دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، جاۋابكارلارغا قارىتا مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن، بىۋاسىتە دەۋا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، جاۋابكارلارغا قارىتا بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تەدبىرىنى قوللىنىشنى ئۆزلىرى قارار قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوت قىلغۇچى خادىملار بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشتىن ئىبارەت بۇ مەجبۇرلاش تەدبىرىنى تەدبىقلىغان چاغدا، ئۇنىڭ تەدبىقلىنىش نىشانى، كىم تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغانلىقى، كېپىللىك قىلىش ئۇسۇلى، مۇددىتى قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك.

## بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنىڭ نىشانى

جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 50 - ماددىسىدا، «خەلق سوت مەھكىمىسى دېلو ئەھۋالىغا قاراپ، جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكارنى بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بەرسە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 51 -، 60 -، 65- ۋە 75 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئەدلىيە ئەمەلىيىتى جەريانىدا، خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرى كۆرۈلگەن جاۋابكارلارغا قارىتا بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تەدبىرىنى قوللانسا بولىدۇ:

1. رىجىم جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ھۆكۈم قىلىنىش ياكى قوشۇمچە جازا ئايرىم تەدبىق قىلىنىش ئېھتىمالى بولغانلار.

2. مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جىنايى جازا ھۆكۈم قىلىنىش ئېھتىمالى بولۇپ، بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىلسە جەمئىيەتكە

خەۋپ يەتكۈزمەيدىغانلار.

3. قولغا ئېلىشتا تېگىشلىك جاۋابكارلاردىن ئېغىر كېسەللىكى بارلار ياكى ھامىلدار ۋە ئېمىتىۋاتقان بالىسى بار ئاياللار.

4. قاماپ تۇرۇلغان جاۋابكارلارنىڭ دېلوسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە ئاياغلاشتۇرغىلى بولماي، داۋاملىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا، سوت قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلار.

5. توختىتىپ قويۇلغانلاردىن قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، دەلىل - ئىسپاتلىرى تولۇق بولمىغانلار.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى جاۋابكارلارغا بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى قوللىنىش - قوللانماسلىقنى قارار قىلغاندا، جىنايەتنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ خەۋپلىك دەرىجىسىگە، ھۆكۈم قىلىنىش ئېھتىمالى بولغان جازاغا، جاۋابكارلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ۋە جىنايەتتىن كېيىنكى ئىپادىسى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش كېرەك.

ئەدلىيە ئەمەلىيىتى داۋامىدا، خەلق سوت مەھكىمىسى تۆۋەندىكى جاۋابكارلارغا بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تەدبىرىنى قوللانماسلىق كېرەك:

1. ئۈچ يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىش ئېھتىمالى بولغانلار.

2. تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەر.

3. بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىلگەنلەردىن تەھقىقلەش، ئەيىبلەش، سوت قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلار ياكى باشقا جىنايى ئىشلار دەۋالىرىغا توسقۇنلۇق قىلىش قىلمىشلىرىدا بولغانلار.

4. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، گۇۋاھچى، پاش قىلغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىگە زىيان يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغانلار.

5. قېچىپ كېتىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ياكى داۋاملىق جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغانلار.

6. ئادرېسى ياكى سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغانلار.

7. ئېقىپ يۈرۈپ دېلو سادىر قىلغانلار.

8. باشقا جىنايى ئىشلار دەۋا پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىش ئېھتىمالى بولغانلار.

**بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى**

ئەسلىدىكى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا، بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ج خ ئورگانلىرى قارار قىلىدىغانلىقى، باشقىلارنىڭ ئىلتىماس قىلىشىغا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىنىش بىلەن بىرگە، كېپىلگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش شەكلى كۆپەيتىلدى. يەنى قاماپ تۇرۇلغان جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكار ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى، يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ كېپىلگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى بەلگىلەندى. بۇ، قولغا ئېلىش، توختىتىپ قويۇش قاتارلىق مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلغان جىنايەت گۇماندارلىرى، جاۋابكارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خاتالىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىشى ئۈچۈندۇر. جىنايەت گۇماندارلىرى، جاۋابكارلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى چەكلىمىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن مەزكۇر ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قانۇن بۇ ھوقۇقنى يەنە ئۇلارنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى، يېقىن تۇغقانلىرىغا بېرىپ، بۇ ئارقىلىق مەزكۇر ھوقۇقنىڭ ھەقىقىي يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

خەلق سوت مەھكىمىسى بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى قوللانغاندا، تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىگە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق كىشىلەر پەقەت جاۋابكار ۋە ئۇنىڭ قانۇني ۋەكالەتچىسى، يېقىن تۇغقانلىرى ياكى ئۇنىڭ ھاۋالە قىلغان ئادۋوكاتى بىلەنلا چەكلىنىشى كېرەك.

2. ئىلتىماسقا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى قوللانغاندا، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 51 -، 60 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدىكى بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنىڭ شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم.

3. بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش ئىلتىماسى ئادەتتە قەغەز يۈزىدە يېزىلىشى ھەمدە كېپىل بولغۇچىنى كۆرسىتىشى ياكى كېپىللىك پۇلى تاپشۇرۇشى كېرەك.

4. خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى يەتتە كۈن ئىچىدە قوشۇلۇش ياكى قوشۇلماسلىق ھەققىدە جاۋاب بېرىشى لازىم. بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش ئىلتىماسىغا قوشۇلسا، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى كېرەك.

## بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشتىكى كېپىل بولۇش ئۇسۇلى

جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 53 - ماددىسىدا: «خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكارنى بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى قارار قىلىشتا، جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكارنى كېپىل كۆرسىتىشكە ياكى كېپىللىك پۇلى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇشى كېرەك»[1] دەپ بەلگىلەنگەن. بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشتىكى كېپىل بولۇش ئۇسۇلى مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

1. كېپىللىك قىلغۇچى كېپىل بولۇش، بۇ ئەدلىيە ئورگانلىرى جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكارنى كېپىل كۆرسىتىشكە بۇيرۇيدىغان، كېپىل بولغۇچى جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىدىكى شەھەر، ناھىيىدىن ئايرىلماسلىقىغا، چاقىرتىلغان ھامان ھازىر بولۇشىغا، تەھقىقلەش، ئەيىبلەش، سوت قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىققا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ. ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە، بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئەمما كېپىللىك پۇلى تاپشۇرۇشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان، ياش قۇرامىغا يەتمىگەن جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكارلارغا قارىتا، بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى قارار قىلغاندا، ئۇلارغا بىردىن ئىككىگىچە كېپىل بولغۇچىنى كۆرسىتىشكە بۇيرىسا بولىدۇ.

جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 54 - ماددىسىغا ئاساسلانغاندا، كېپىل تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك:

(1) شۇ دېلوغا چېتىلمىغان بولۇش؛ (2) كېپىللىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالايدىغان بولۇش؛ (3) سىياسىي ھوقۇقى بولۇش؛ (4) مۇقىم تۇرار جايى ۋە كىرىمى بولۇش. خەلق سوت مەھكىمىسى كېپىل بولغۇچىنىڭ كېپىل بولۇشنى تەدبىقلىغان چاغدا، كېپىل بولغۇچىنىڭ يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى قانۇن بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈشى كېرەك.

جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 55 - ماددىسىغا ئاساسەن، كېپىل تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك:

(1) كېپىللىك قىلىنغۇچىنىڭ مۇشۇ قانۇننىڭ 56 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىش.

(2) كېپىللىك قىلىنغۇچىنىڭ مۇشۇ قانۇننىڭ 56 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ قىلمىش سادىر قىلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ياكى سادىر قىلغانلىقىنى سەزگەندە، ئىجرا قىلغۇچى ئورگانغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىشى كېرەك. يۇقىرىدىكى مەجبۇرىيەتلەرگە قارىتا، ئەدلىيە ئورگانلىرى كېپىل بولۇشنى قارار قىلغاندا، كېپىل بولغۇچىغا ئۇقتۇرۇش قىلىشى ھەمدە ئۇنىڭغا كاپالەتنامە يازدۇرۇشى كېرەك. ئەگەر كېپىللىك قىلغۇچى كېپىللىك قىلىنغۇچىنىڭ

مۇشۇ قانۇننىڭ 56 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە خىلاپ قىلمىشنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىسا مەمۇرىي جەرىمانە قويۇلىدۇ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

2. كېپىللىك پۇلى تاپشۇرۇپ كېپىل بولۇش. بۇ ئەدلىيە ئورگانلىرى جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكار ياكى ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن كېپىل بولغۇچىسىنى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان كېپىللىك پۇلىنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇپ، جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكارنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەر، ناھىيىدىن ئايرىلماسلىقىغا، چاقىرتىلغان هامان هازىر بولۇشقا، تەھقىقلەش، ئەيىبلەش، سوت قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدىغان بىر خىل ئۇسۇلدۇر.

ئەدلىيە ئورگانلىرى كېپىللىك پۇلى تاپشۇرۇپ كېپىل بولۇشنى قارار قىلغاندا، جىنايەتنىڭ خاراكتېرى، قىلمىش ئەھۋالى، جىنايەت گۇماندارى ياكى جاۋابكارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جىنايەتنى تونۇش، تۆۋە قىلىش ئىپادىسى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن، كېپىللىك پۇلىنىڭ سانىنى بەلگىلىشى كېرەك. كېپىللىك پۇلى ج خ ئورگانلىرى تەرىپىدىن بىر تۇتاش يىغىۋېلىنىدۇ ۋە ساقلىنىدۇ. كېپىل بولغۇچىنىڭ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلغان - قىلمىغانلىقىنى ج خ ئورگىنى بېكىتىدۇ. كېپىللىك قىلغۇچىغا جەرىمانە قويۇش قارارىنىمۇ ج خ ئورگىنى چىقىرىدۇ. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 53 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، كېپىللىك قىلغۇچى كېپىل بولۇش بىلەن كېپىللىك پۇلى تاپشۇرۇپ كېپىل بولۇشنى بىرلا ۋاقىتتا قوللىنىشقا بولمايدۇ.

**بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىلگۈچىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە قانۇنىي مەسئۇلىيىتى**

جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 56 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، كېپىلگە بېرىلگەن جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكار تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك:

1. ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەر، ناھىيىدىن ئىجرا قىلغۇچى ئورگاننىڭ تەستىقىسىز ئايرىلماسلىقى كېرەك. بۇ يەردىكى شەھەر ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرنى، رايون تەسىس قىلمىغان شەھەرنى كۆرسىتىدۇ، بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىلگەن جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكار ئورۇنسىز سەۋەبلەر بىلەن تۇرۇشلۇق جايىدىن ئايرىلماسلىقى، ھەقىقەتەن ئايرىلىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئىجرا قىلغۇچى ئورگاننىڭ تەستىقىنى ئېلىشى كېرەك. خەلق سوت مەھكىمىسى بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى قارار قىلغان بولسا، ئىجرا قىلغۇچى ئورگان جاۋابكارنىڭ تۇرۇشلۇق شەھەردىن، ناھىيىدىن ياكى تۇرۇشلۇق ئورنىدىن ئايرىلىشنى تەستىقلاشتىن ئىلگىرى، قارار قىلغۇچى ئورگاننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك.

2. چاقىرتىلغاندا ۋاقتىدا هازىر بولۇش.

3. گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىگە ھەرقانداق شەكىل بىلەن كاشىلا قىلماسلىق، جۈملىدىن زورلۇق قىلىش، تەھدىت سېلىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىگە توسقۇنلۇق قىلماسلىق ياكى ئالداش، ئازدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن گۇۋاھچىلارنى يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈزمەسلىك قاتارلىقلار.

4. دەلىل - ئىسپاتلارنى يوقىتىۋەتمەسلىك، ئۆيدۈرۈپ چىقارماسلىق ياكى تىل بىرىكتۈرۈۋالماسلىق.

بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىلگەن جىنايەت گۇماندارى ۋە جاۋابكارلاردىن ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىرىنىڭ تاپشۇرغان كاپالەت پۇلى بولسا، كاپالەت پۇلى مۇسادىرە قىلىنىدۇ ھەمدە ئەھۋال پەرقلەندۈرۈلۈپ تۆۋەنلەپ يېزىشقا، يېڭىباشتىن كاپالەت پۇلى تاپشۇرۇشقا، كېپىل كۆرسىتىشكە بۇيرۇلىدۇ ياكى تۇرار جايى نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدۇ، قولغا ئېلىنىدۇ. گەرچە ج خ ئورگىنى بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى ئىجرا قىلىپ، كاپالەت پۇلىنى يىغىپ ساقلاپ، جەرىمانە قويۇش

قارارىنى چىقارسىمۇ، ئەمما سوت قىلىش ئىشلىرىنىڭ ئوخشۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى ئۆزگەرتىش قارارىنى خەلق سوت مەھكىمىسى چىقىرىشى كېرەك. جاۋابكار كېپىلگە بېرىلگەن مەزگىلدە يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلمىغان بولسا، كېپىلگە بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى كېپىلگە بېرىش سۈرۈكى توشقاندىن كېيىن كاپالەت پۇلىنى قايتۇرۇش كېرەك.

## بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش سۈرۈكى

بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكارلارنى قاماپ قويمايدىغان، بىر قەدەر كەڭچىلىك بىلەن قوللىنىلىدىغان مەجبۇرلاش تەدبىرى، ئەمما ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سۈرۈك ھەققىدە بەلگىلىمە بولمىغاچقا، بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەس ئىدى، بەزىدە بولدى قىلىپ تاشلاپ قويۇلاتتى، بۇنىڭ بىلەن جاۋابكارلار، جىنايەتچىلەر ئېغىر غەم - ئەندىشىگە قېلىپ، ئۇلارنىڭ نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشى ۋە خىزمەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت بولمايتتى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ دەۋا ھوقۇقى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرايتتى. بۇ خىل ئەھۋال دېلونى ئۆز ۋاقتىدا ئايىغلاشتۇرۇشقا، جىنايەتكە ۋاقتىدا زەربە بېرىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن بەلكى قانۇن-تۈزۈمنىڭ نوپۇزىغا ۋە كەسكىنلىكىگىمۇ زىيان يەتكۈزەتتى. شۇڭا، ھازىرقى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش سۈرۈكى ئۇزاق بولغاندا 12 ئايدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ دەپ بەلگىلەندى. ج خ ئورگانلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرى جىنايەت گۇماندارىنى بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىپ، دېلونى ئەيىبلەپ خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللىغاندىن كېيىن، كېپىلگە بېرىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولغان بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە جاۋابكارغا كېپىلگە بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىشى، كېپىلگە بېرىش سۈرۈكىنى يېڭىباشتىن ھېسابلىشى كېرەك. ئەمما، ئەدلىيە ئورگانلىرى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 56 - ماددىسىغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ كاپالەتلىك پۇلىنى قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن، كېپىللىك قىلىنغۇچىنى يەنىلا كېپىلگە بېرىشنى قارار قىلغان بولسا، كېپىلگە بېرىش سۈرۈكىنى ئۇلاپ ھېسابلىشى كېرەك.

جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكار ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى، يېقىن تۇغقانلىرى، ئاقلىغۇچىسى بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش قانۇندا بەلگىلەنگەن سۈرۈكتىن ئېشىپ كەتتي دەپ قارىسا، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا كېپىلگە بېرىشنى بىكار قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ.

كېپىلگە بېرىلگەن مەزگىلدە دېلونى تەھقىقلەش، ئەيىبلەش ۋە سوت قىلىشنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر دېلونى تەھقىقلەش، ئەيىبلەش ۋە سوت قىلىشنى ئۇزۇپ قويۇش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، مەسىلەن، جاۋابكار قېچىپ كېتىش ياكى جىنايەت گۇماندارى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئاۋال كېپىلگە بېرىشنى بىكار قىلىش كېرەك. كېپىللىك قىلىنغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا يەنە بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى بىكار قىلىشتىكى ئىككى خىل ئەھۋال بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىرى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 15 - ماددىسىدىكى ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولمىسا، ئىككىنچىسى، كېپىلگە بېرىش سۈرۈكى توشقان بولسا. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، مەيلى دېلو ئايىغلاشقان ياكى ئايىغلاشمىغان بولسۇن، جاۋابكارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى بېكىتكىلى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، كېپىلگە بېرىش سۈرۈكى توشقاندىن ئىبارەت بۇ بىر قانۇنىي پاكىت بولغانلىقتىن كېپىلگە بېرىشنى بىكار قىلىش كېرەك. كېپىلگە بېرىشنى بىكار قىلىش قارارىنى ئەسلى قارار قىلغان ئورگان چىقىرىدۇ، بىكار قىلىش قارارى

چىقىرىلغاندىن كېيىن، كېپىللىك قىلىنغۇچىغا ھەمدە ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل مۇناسىۋەتلىك ئورگانغا ئۆز ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇش قىلىش كېرەك.

**بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنىڭ ئىجرا قىلىنىشى**

بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى ج خ ئورگانلىرى بىر تۇتاش ئىجرا قىلىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى. ئەدلىيە ئەمەلىيىتى داۋامىدا، كېپىلگە بېرىشنى ئادەتتە جىنايەت گۇماندارى، جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايدىكى ياكى ئۇلار ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان جايدىكى ساقچىخانا ئىجرا قىلىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكارلارغا بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، كېپىلگە بېرىش قارارنامىسىنى، كېپىلگە بېرىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى جاۋابكار تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك ج خ ئورگىنىغا ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشى، ج خ ئورگىنى بەلگىلىگەن ساقچىخانا ئىجرا قىلىشى كېرەك. ج خ ئورگىنى بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى ئىجرا قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كېپىللىك قىلىنغۇچىغا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىمىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئېلان قىلىشى ھەمدە قارار قىلغۇچى ئورگان جاۋابكارنى چاقىرتىپ سوراق قىلغان چاغدا، كېپىلگە بېرىشكە مەسئۇل كىشى ۋاقتىدا ھازىر بولۇشى كېرەك.

**بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنىڭ قانۇنىي رەسمىيەتلىرى، ئۆزگەرتىلىشى ۋە بىكار قىلىنىشى**

خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكارلارغا بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تەدبىرىنى قوللانغاندا، «بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش قارارنامىسى» نى يېزىشى ھەمدە مەھكىمە باشلىقى ياكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى تەستىقلىشى كېرەك، كېڭەشمە سوت ياكى سوتچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن قارار قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش قارارنامىسىنى يازغاندا، كېپىلگە بېرىشنىڭ كونكرېتنى سەۋەبلىرىنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىنى ئېنىق يېزىشى كېرەك.

كېپىلگە بېرىلگەن جىنايەت گۇماندارى ۋە جاۋابكارلارنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولغاندا، كېپىلگە بېرىشنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىش ياكى بىكار قىلىش كېرەك. ئادەتتە، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولسا كېپىلگە بېرىشنى ئۆزگەرتىش ياكى بىكار قىلىش كېرەك:

(1) ھامىلدارلىق مەزگىلى ۋە بالا ئېمىتىش مەزگىلى ئاياغلاشقان ئاياللار.

(2) ئېغىر كېسەل بولۇپ ساقايغانلار.

(3) قېچىپ كېتىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، داۋاملىق جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغانلار.

(4) باشقا جىنايى ئىشلار دەۋا پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىش ئېھتىمالى بولغانلار.

(5) مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى ئېغىر بولغانلار.

(6) قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا ئەھۋاللار بولۇپ، كېپىلگە بېرىشنى ئۆزگەرتىش ۋە بىكار قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلار.

كېپىلگە بېرىشنى ئۆزگەرتكەن ۋە بىكار قىلغاندا، كېپىلگە بېرىشنى قارار قىلغان خەلق سوت مەھكىمىسى «كېپىلگە بېرىشنى بىكار قىلىش قارارنامىسى» نى يېزىشى ۋە ئۇنىڭغا كېپىلگە بېرىشنى ئۆزگەرتىش، بىكار قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېنىق يېزىشى، قارارنامىنى مەھكىمە باشلىقى ياكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى تەستىقلىشى، ئاندىن جاۋابكارغا يەتكۈزۈشى كېرەك. دېمەك، ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى پىششىق ئىگىلەپ ۋە ئۇنى توغرا تەدبىقلاپ، جىنايەتنى جازالاش، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**سەلىمە خوجا تەھرىرلىدى**

# مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل- ئىسپات بىلەن مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپاتنىڭ پەرقى

ئالىم نۇر

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنىستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتى)

مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل - ئىسپات — مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيىتى جەريانىدا، قانۇنى تەرتىپ بويىچە تەكشۈرۈپ توپلىغان، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى قارشى تەرەپنىڭ مەمۇرىي قانۇن - قائىدىلەرگە بويسۇنغان - بويسۇنمىغانلىق ئەھۋالىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بارلىق ئوبيېكتىپ پاكىتلارنى كۆرسىتىدۇ.

مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپات بولسا، مەمۇرىي دەۋا جەريانىدا خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ توپلىغان ۋە ئالغان، مەمۇرىي دېلولارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بارلىق ئوبيېكتىپ پاكىتلار ۋە ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل - ئىسپات بىلەن مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل- ئىسپات ئوخشاش بولمىغان دەلىل - ئىسپاتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشاش ئەمەس. ئەمما ئۇلار زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كۆپ ئەھۋاللاردا ئاسانلا ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل - ئىسپات بىلەن مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ ھەممىسى قانۇنىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان دەلىل - ئىسپاتلار، بۇ جەھەتتىن ئۇلار ئوخشاش بولىدۇ. يەنى بۇ دەلىل- ئىسپاتلارنى ئىشلىتىش پرىنسىپى، ئۇلارنى تەكشۈرۈپ توپلاش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش. ئۇندىن باشقا بۇ ئىككى قانۇندىكى دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە تۈرلىرى جەھەتتىمۇ ئۇلار مادىي ئىسپات، يازما ئىسپات، ئاڭلاش، كۆرۈش ماتېرىياللىرى، گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى، داۋالاشقۇچىلارنىڭ بايانلىرى. باھالاش خۇلاسىسى، ئېنىقلاش تەكشۈرۈش خاتىرىسى ۋە نەق مەيدان خاتىرىسى قاتارلىق بىرقانچە خىل بولىدۇ.

گەرچە بۇ ئىككى خىل دەلىل - ئىسپاتتا يۇقىرىقىدەك ئوخشاشلىقلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ئوخشىماسلىقلارمۇ مەۋجۇت.

1. دەلىل - ئىسپات ئالغۇچى سوبيېكت بىلەن دەلىل - ئىسپات ئېلىش ھوقۇقىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش ئەمەس

مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل- ئىسپاتلارنى مەمۇرىي ئورگان تەكشۈرۈپ توپلايدۇ. بۇ خىل دەلىل - ئىسپات ئېلىش ھوقۇقى مەمۇرىي ئورگاننىڭ مەمۇرىي ھوقۇقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ خىل ھوقۇق پەقەت مەمۇرىي ئورگانلىق سالاھىيەتكە ئىگە بولغان مەمۇرىي ئورگاندىلا بولىدۇ. مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپاتلارنى بولسا خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ توپلايدۇ. بۇ خىل تەكشۈرۈپ دەلىل - ئىسپات ئېلىش ھوقۇقى بولسا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيىلىك سوت قىلىش ھوقۇقىنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ خىل ھوقۇق پەقەت مەمۇرىي دەۋاغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى ۋە ھۆكۈم چىقارغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىدىلا بولىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى مەمۇرىي دەۋادا خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ توپلىغان دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ ھەممىسى مەمۇرىي دەۋا دەلىل - ئىسپاتلىرىغا تەۋە بولىدۇ. بۇ دەلىل -

ئىسپاتلار چوڭ جەھەتتىن ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان مەمۇرىي دەۋا دەلىل - ئىسپاتلىرى. بۇنى ئادەتتە خەلق سوت مەھكىمىسى دەۋا جەريانىدا دەۋاگەر ۋە گۇۋاھچىلاردىن تەكشۈرۈپ توپلايدۇ. يەنى مەمۇرىي ئورگان كونكرېتنى مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىپ، مەمۇرىي دەۋا كېلىپ چىققاندىن كېيىن، خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ توپلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلاردۇر. يەنە بىر خىلى، مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى بولغان دەلىل - ئىسپاتلار. بۇ ئادەتتە خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكار بولغۇچى مەمۇرىي ئورگاندىن تەكشۈرۈپ توپلىغان ياكى مەمۇرىي ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە تەمىنلىگەن، خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن دەلىل - ئىسپاتلاردۇر. بۇ دەلىل- ئىسپاتلارنى ئەسلىدە مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي باشقۇرۇش جەريانىدا تەكشۈرۈپ توپلاپ ۋە ئۇنى ئىشلىتىپ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. بۇ دەلىل - ئىسپاتلارنى خەلق سوت مەھكىمىسى دەۋا جەريانىدا تەكشۈرۈپ توپلىغاندىن كېيىن، ئۇ مەمۇرىي دېلولارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئاساسى قىلىنىپ، مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپاتلارغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، بۇ خىل دەلىل - ئىسپات دەسلەپتە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىكى دەلىل - ئىسپاتى بولسا، كېيىن خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشىدىكى مەمۇرىي دەۋا دەلىل - ئىسپاتى بولىدۇ.

2. بۇ ئىككى خىل دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈپ توپلاش ۋاقتى ئوخشاش ئەمەس

دەلىل- ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈپ توپلاش ۋاقتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل- ئىسپات بىلەن مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپاتلارنى پەرقلەندۈرۈشتىكى مۇھىم ئۆلچەم. مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپاتلارنى خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي دەۋا جەريانىدا تەكشۈرۈپ توپلايدۇ. يەنى ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا، دەۋا باشلىنىپ ئاخىرلاشقىچە بولغان باسقۇچتا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل - ئىسپاتنى بولسا مەمۇرىي دەۋا باشلىنىشتىن ئىلگىرى مەمۇرىي ئورگانلار تەكشۈرۈپ توپلايدۇ. مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش پرىنسىپى ۋە مەمۇرىي تەرتىپتىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈپ توپلىشى مەمۇرىي باشقۇرۇش جەريانىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، مەمۇرىي ئورگان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئادەتتە مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل - ئىسپاتلار مەمۇرىي ئورگاننىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى قارشى تەرەپنىڭ مەمۇرىي قانۇن - قائىدىلەرگە خىلاپ بولغان ھەرىكەتلىرىنى ئىسپاتلاشتا ئىشلىتىلىدىغان دەلىل - ئىسپاتلاردۇر. شۇڭا ئۇ مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى قارشى تەرەپنىڭ مەمۇرىي قانۇن - قائىدىلەرگە خىلاپ بولغان قىلمىشنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ. ئەگەر مەمۇرىي ئورگان ئۆزىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ توپلايدىكەن، ئۇ ۋاقىتتا مەمۇرىي تەرتىپكە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ، ھەم ئېلىپ بارغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى ئاساسسىز بولۇپ قالىدۇ.

3. بۇ ئىككى خىل دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ ئىسپاتلاش دائىرىسى ئوخشاش ئەمەس

مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل - ئىسپاتلار دائىرە جەھەتتىن ئاساسلىقى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى قارشى تەرەپنىڭ مەمۇرىي قانۇن - قائىدىلەرگە خىلاپ بولغان قىلمىشىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل دەلىل - ئىسپاتلىرىنىڭ ئىسپاتلاش دائىرىسى

پەقەت مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك دائىرە بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مەمۇرىي ئورگاننىڭ ئۆزىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنىڭ قانۇنلۇق بولغان-بولمىغانلىقى، مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلار ئادەتتە مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل - ئىسپاتلار دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى مەمۇرىي ئورگانلار كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئادەتتە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقى، مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈپ توپلاپ ئولتۇرمايدۇ، ھەم بۇنداق قىلىشمۇ ھاجەتسىز. مەمۇرىي ئورگانلار پەقەت مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى قارشى تەرەپنىڭ مەمۇرىي قانۇن - قائىدىلەرگە خىلاپ ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈپ توپلاپ، شۇ ئاساستا كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى ئېلىپ بارسا بولىۋېرىدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپات توپلاش، تەكشۈرۈش ۋە ئىشلىتىشى بولسا، مەمۇرىي دېلولاردىكى تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقان پاكىت ۋە مەمۇرىي پائالىيەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى، يەنى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ قانۇنلۇق بولغان - بولمىغانلىقى، مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئېنىقلاش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، بۇ خىل دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ ئىسپاتلاش دائىرىسى مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ ئىسپاتلاش دائىرىسىدىن كەڭرى بولىدۇ. يەنى مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپاتلار مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى قارشى تەرەپنىڭ مەمۇرىي قانۇنغا خىلاپقىلمىشىنىڭ بار-يوقلۇقىنى، قىلمىشىنىڭ ئېغىر- يېنىكلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەم مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنى قانداق ئېلىپ بارغانلىقىنى، كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ قانۇنلۇقبولغان-بولمىغانلىقى، مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقى، شۇنداقلا كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ پۇقرا، قانۇننى ئىگە ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىپ زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغان - چىقارمىغانلىقى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان دەلىل - ئىسپاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە، مەمۇرىي دەۋا تەرتىپىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان دەلىل - ئىسپاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپاتلار مەمۇرىي ئورگاننىڭ مەمۇرىي تەرتىپتە توپلىغان، تەكشۈرۈپ ئالغان دەلىل - ئىسپاتلىرىدىن كۆپ بولىدۇ، ئىسپاتلاش دائىرىسىمۇ كەڭ بولىدۇ، ئۇ ھەم مەمۇرىي قانۇندىكى نۇرغۇن دەلىل - ئىسپاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. بۇ ئىككى خىل دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈپ توپلاشتىكى مەقسەت ئوخشاش ئەمەس.

مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل - ئىسپاتلار ئاساسلىقى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى قارشى تەرەپنىڭ مەمۇرىي قانۇن - قائىدىلەرگە خىلاپ قىلمىشىنىڭ بار- يوقلۇقىنى، قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلاردۇر. مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپاتلار بولسا مەمۇرىي ئورگاننىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنىڭ قانۇنلۇق بولغان - بولمىغانلىقىنى، مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلاردۇر. شۇڭا بۇ خىل ئەھمىيەتكە ئىگە دەلىل - ئىسپاتلار بولمىدىكەن خەلق سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل- ئىسپات سۈپىتىدە تەكشۈرۈپ توپلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى خىل دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈپ توپلاش ۋە ئىشلىتىش مەقسىتى ئوخشاش ئەمەس.

مەمۇرىي دەۋا پائالىيىتى بولسا مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنىڭ قانۇنلۇق بولغان- بولمىغانلىقىنى، مۇۋاپىق بولغان- بولمىغانلىقىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ھەم ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەدلىيىلىك جەھەتتە ھۆكۈم قىلىش پائالىيىتىدۇر. بۇ خىل

پائالىيەتتە مەمۇرىي ئورگان تەكشۈرۈلگۈچى ۋە نازارەت قىلىنغۇچى ئوبيېكت بولىدۇ. شۇڭا، مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپات مەمۇرىي ئورگاننىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنىڭ قانۇنلۇقلىقى ۋە مۇۋاپىقلىقلىقىنى چۆرىدىگەن ھالدا توپلىنىدۇ ۋە تەكشۈرۈلىدۇ. مەمۇرىي پائالىيەتتە بولسا مەمۇرىي ئورگان باشقۇرۇلغۇچى قارشى تەرەپ ئۈستىدىن باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغۇچى. مەمۇرىي ئورگان باشقۇرغۇچى، نازارەت قىلىنغۇچى ھەم بىر تەرەپ قىلىنغۇچى قارشى تەرەپ بولسا باشقۇرۇلغۇچى، نازارەت قىلىنغۇچى شۇنداقلا كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغۇچى. شۇڭا بۇنىڭدىكى دەلىل - ئىسپاتلار مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى قارشى تەرەپنىڭ مەمۇرىي قانۇن - قائىدىلەرگە خىلاپ قىلمىشىنىڭ بار - يوقلۇقىنى، ئېغىر- يېنىكلىكىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە تەكشۈرۈپ توپلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى خىل دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈپ توپلاشتىكى مەقسەت ئوخشاش ئەمەس.

بۇ ئىككى خىل دەلىل - ئىسپاتلاردا گەرچە يۇقىرىقىدەك پەرقلەر بولسىمۇ ئۇلار يەنە زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەنى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي تەرتىپتىكى دەلىل - ئىسپاتلىرى مەمۇرىي دەۋا تەرتىپىگە ئۆتكەندىن كېيىن مەمۇرىي دەۋا دەلىل - ئىسپاتىغا ئايلىنىدۇ. مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي تەرتىپتە قارشى تەرەپنىڭ مەمۇرىي قانۇن- قائىدىلەرگە خىلاپ قىلمىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن توپلىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى مەمۇرىي دەۋا جەريانىدا خەلق سوت مەھكىمىسىگە تەمىنلىگەندىن كېيىن، بۇ خىل دەلىل - ئىسپاتلار مەمۇرىي دەۋا دەلىل - ئىسپاتىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ ھەم مەمۇرىي دېلولارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىسپاتلاپ بەرسە يەنە بىر جەھەتتىن مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىنىڭ قانۇنلۇق بولغان بولمىغانلىقىنى، مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۇ، قوش تەۋەلىككە ئىگە.

بۇ ئىككى خىل دەلىل - ئىسپاتنىڭ پەرقىنى ياخشى ئىگىلەش مەيلى مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەمەلىيىتىدە بولسۇن ياكى مەمۇرىي دەۋا ئەمەلىيىتىدە بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلاردا يۇقىرىقىدەك پەرقلەر بولغاچقا ھەم مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىش تەرتىپىدىكى دەلىل- ئىسپاتلار بىلەن مەمۇرىي دەۋا پائالىيىتىدىكى دەلىل - ئىسپاتلارغا قارىتا قانۇندا ئوخشاش بولمىغان بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان بولغاچقا، ئۇلارنى ئۆز ئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. مەمۇرىي باشقۇرۇش جەريانىدا مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى قارشى تەرەپتىن ۋە گۇۋاھچىلاردىن ئۆز ئالدىغا دەلىل - ئىسپات ئېلىپ توپلىسا بولىدۇ. لېكىن مەمۇرىي دەۋا جەريانىدا بولسا بۇنىڭغا قارىتا ئالاھىدە بەلگىلىمە چىقىرىلغان. يەنى مەيلى مەمۇرىي ئورگان بولسۇن ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى بولسۇن دەۋا جەريانىدا مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلغۇچى قارشى تەرەپتىن ۋە گۇۋاھچىلاردىن ئۆز ئالدىغا دەلىل - ئىسپات توپلاش ۋە تەكشۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۇندىن باشقا، مەمۇرىي دەۋا جەريانىدا مەمۇرىي ئورگان دەلىل - ئىسپات كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇڭا مەمۇرىي دەۋادىكى بۇ بەلگىلىمىلەرنى ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن، بۇ ئىككى خىل دەلىل - ئىسپاتنىڭ پەرقىنى ياخشى ئىگىلەش زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدىكى مەمۇرىي دەۋا دەلىل - ئىسپاتلىرىغا ئائىت بەلگىلىمىلەرنى ياخشى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. «جۇڭگو مەمۇرىي قانۇن ئىلمى»
2. «جۇڭگو مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» دىن كونسپېكت.

ئايگۈل ئىبراھىم تەھرىرلىدى

# مەمۇرىي جەرىمانە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

ئەخمەت سادىر

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى مائارىپ باشقارمىسى)

مەمۇرىي جەرىمانە — مەمۇرىي جازا بەرگۈچى ئورگانلار قانۇنغا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلغۇچىلارنى مۇئەييەن مۇددەت ئىچىدە دۆلەتكە مەلۇم مىقداردا پۇل تاپشۇرۇش ئارقىلىق قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇرلايدىغان بىر خىل مەمۇرىي جازا شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. مەمۇرىي جەرىمانە قانۇنغا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلغان پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ مال - مۈلۈك ھوقۇقىنى چەكلەيدىغان ۋە مەھرۇم قىلىدىغان جازا بولۇپ، ئۇنىڭ تەدبىقلىنىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ئومۇمەن مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ خىل جازانى قوللىنىدۇ، شۇڭلاشقا مەمۇرىي جەھەتتىن جازا بەرگۈچى ئورگانلار ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى مەمۇرىي جەھەتتىن جەرىمانە قويۇشتىن ئىبارەت بۇ خىل جازا شەكلىنى قوللانغاندا چوقۇم بۇ خىل جازانىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تولۇق تونۇش ۋە قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

مەمۇرىي جەھەتتىن جەرىمانە قويۇش جازاسى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە

1. مەمۇرىي جەرىمانە — قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ مۇئەييەن مىقداردا پۇل تاپشۇرۇشنى قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشنىڭ شەكلى قىلىدۇ. قانۇنغا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلىپ مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسىغا ئۇچرىغان پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلار مەمۇرىي ئورگانلار ئىشلەپ چىققان مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازا قارارىدا بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە، قاراردا بەلگىلەنگەن جەرىمانە سوممىسىنى قارار چىقارغان مەمۇرىي ئورگانغا ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن تارماقلارغا تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئۆز قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىگە مەسئۇل بولۇپ قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ خىل جاۋابكارلىق شەكلى پەقەتلا قانۇنغا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگىلا پايدىسىز تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، باشقا پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ چەكلىمەيدۇ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئۇچرايدىغان ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتىكى پايدىسىز تەسىرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنىڭ خاراكتېرى، خىلاپلىق قىلىنغان مەمۇرىي قانۇن- قائىدىلەر، شۇنداقلا قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنىڭ ئېغىر - يېنىكلىك دەرىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەمۇرىي جەھەتتىن جەرىمانە قويۇش جازاسى، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ قىلمىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي زىياننى تولۇقلاش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەڭ مۇھىمى قانۇنسىز قىلمىش سادىر قىلغۇچىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيانغا ئۇچرىتىش ۋە ئۇنى جازالاش ئارقىلىق قانۇنسىز قىلمىشنى توسۇش ۋە ئۇنى تۈزىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

2. مەمۇرىي جەرىمانە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان بىر خىل مەمۇرىي جازا شەكلى. مەمۇرىي جەھەتتىن جەرىمانە قويۇش جازاسى - قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت قىلغۇچىنى دۆلەتكە مەلۇم مىقداردا پۇل تاپشۇرۇشقا زورلايدىغان مال - مۈلۈك جەھەتتىكى جازا بولۇپ، ئۇ قانۇنغا خىلاپ

ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جازالاش ۋە ئۇنى تۈزىتىش جەھەتتە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپلا قالماستىن، جازا مەزمۇنىنى ئىجرا قىلىشقىمۇ بىر قەدەر قولايلىق بولغاچقا، دۆلىتىمىزدە نۇرغۇنلىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش ساھەلىرى بۇ خىل جازالاش شەكلىنى كەڭ قوللانماقتا.

مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسىنىڭ كەڭ - كۆلەمدە قوللىنىلىشىدىكى سەۋەبلەرنى مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن كۆرۈش مۇمكىن.

1) مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى بەلگىلەنگەن قانۇن - نىزاملار كۆپ. مەملىكىتىمىزدە ھازىرغىچە ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇۋاتقان 300 دەك قانۇن، 800 دىن ئارتۇق مەمۇرىي نىزام، 4000 دىن ئارتۇق يەرلىك نىزاملارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مەمۇرىي جەرىمانە قويۇشقا ئائىت بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

2) مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى بەلگىلىنىدىغان قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ چىققان ئورگان كۆپ. دۆلىتىمىز مەمۇرىي جازا قانۇنىنىڭ 9- ماددىسىدىن 13- ماددىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى، شۇنداقلا خەلق ھۆكۈمىتى، گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان چوڭراق شەھەرلىك، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھوقۇق بەرگەن ئالاھىدە رايون بولغان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى، شۇنداقلا خەلق ھۆكۈمىتىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ھەمدە خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە قانۇن، نىزام، يەرلىك نىزام ۋە قائىدىلەرنى تۈزۈش ھوقۇقى بولىدۇ. يۇقىرىقى قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مەمۇرىي جەرىمانە قويۇشقا ئائىت بەلگىلىمە چىقىرىشقا بولىدۇ.

3) مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسىنى بەرگۈچى ئورگانلار كۆپ. دۆلىتىمىزنىڭ مەمۇرىي جازا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، مەمۇرىي جەھەتتىن جەرىمانە قويۇش جازاسىنى بېرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئورۇنلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت. ① ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە مەمۇرىي ئورگانلىرى؛ ② قانۇن ۋە نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن، جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى بولغان تەشكىلاتلار؛ ③ مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي جازا بېرىش ھەققىدىكى ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلغان تەشكىلاتلار.

4) مەمۇرىي جەرىمانە جازاسىنى بېرىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش بىر قەدەر ئاسان. مەمۇرىي جازا قانۇنىنىڭ 33- ماددىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش پاكىتى تولۇق ھەمدە قانۇنىي ئاساسى بولغان ئەھۋال ئاستىدا مەمۇرىي قانۇن- نىزاملارنى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار پۇقرالارغا 50 يۈەندىن تۆۋەن، قانۇنىي ئىگىلەرگە ياكى باشقا تەشكىلاتلارغا 1000 يۈەندىن تۆۋەن مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازا قارارىنى نەق مەيداندىلا چىقىرىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ مەمۇرىي جەرىمانە جازاسىغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىجرا قىلىشىمۇ بىر قەدەر ئاسان بولىدۇ. بۇ خىل جازا شەكلىنى كەڭ قوللىنىش قانۇنغا يەڭگىل ھالدا خىلاپ بولغان قىلمىشلارنى تېز، ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك جازالاش ۋە تۈزىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى.

5) مەمۇرىي جەرىمانە — قانۇنسىز قىلمىش كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي زىياننى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جەمئىيەتكە يەتكۈزگەن زىيانلىق ئاقىۋىتى كۆپىنچە ھاللاردا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زىيان بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. قانۇنسىز قىلمىش سادىر قىلغۇچىلارغا قارىتا مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى بېرىش ئۇنىڭ جەمئىيەتكە يەتكۈزگەن ئىقتىسادىي زىيىنىنى تولۇقلاش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. دېمەك، مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ھەقىقەتەن كەڭ

قوللىنىلىدىغان، چېتىشلىق دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان بىر خىل مەمۇرىي جازا شەكلى.

3. مەمۇرىي جەرىمانە — مەمۇرىي ئورگانلار يۈرگۈزىدىغان مەمۇرىي جازالاش ۋاسىتىسى بولۇپ، ئۇ جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىنى جازالاشتىكى جەرىمانىدىن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، بۇ ئىككى خىل جەرىمانە جازاسىنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ. مەمۇرىي جەرىمانە مەمۇرىي ئورگانلار يۈرگۈزىدىغان، مۇستەقىل بولغان بىر خىل مەمۇرىي جازا شەكلى، جىنايى ئىشلار جەرىمانىسى بولسا خەلق سوت مەھكىمىلىرى قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدىغان جىنايى ئىشلار جازاسى ئىچىدىكى بىر تۈرلۈك قوشۇمچە جازا. ئىككىنچىدىن، بۇ ئىككى خىل جەرىمانە جازاسىنى تەدبىقلايدىغان سۇبيېكتى ئوخشىمايدۇ، مەمۇرىي جەرىمانە جازاسىنى مەمۇرىي ئورگانلار، قانۇن - نىزاملاردا ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلاتلار ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلغان تەشكىلاتلار بېرەلەيدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە بېرىلىدىغان جەرىمانە جازاسىنى بولسا، پەقەتلا دۆلەتنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان خەلق سوت مەھكىمىسىلا بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئورگان ۋە تەشكىلاتتا جىنايى ئىشلار بويىچە جەرىمانە قويۇش جازاسىنى بېرىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، تەدبىقلىنىش دائىرىسى ئوخشىمايدۇ. مەمۇرىي جەرىمانە جازاسى، قىلمىشىدىن جىنايەت شەكىللەنمىگەن قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا تەدبىقلىنىدۇ، جىنايى ئىشلار بويىچە بېرىلىدىغان جەرىمانە، قىلمىشىدىن جىنايەت شەكىللەنگەن، ئىجتىمائىي خەۋپلىك دەرىجىسى يۇقىرى، جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە جىنايى جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان قىلمىشلارغا تەدبىقلىنىدۇ. تۆتىنچىدىن، تەدبىقلاش ئاساسى ئوخشىمايدۇ. مەمۇرىي جەرىمانە، مۇستەقىل مەمۇرىي جازا بولۇپ مەمۇرىي قانۇن - قائىدىلەرنى ئاساس قىلىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، مەمۇرىي جەرىمانە جازاسىنى بېرىشتە ئاساسلىنىدىغان قانۇن- قائىدىلەر بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ، جىنايى ئىشلار بويىچە بېرىلىدىغان جەرىمانە جازاسى جىنايى جازانىڭ بىر خىلى بولۇپ، پەقەتلا جىنايى ئىشلار قانۇنىنى ئاساس قىلىدۇ، مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا دەخلى قىلغۇچىلارغا قوللىنىلىدىغان مەجبۇرلاش تەدبىرى ھېسابلىنىدىغان جەرىمانە قويۇشتىنمۇ پەرقلىنىدۇ. بۇ خىل جەرىمانە بىر خىل ئەدلىيىلىك ھەرىكەت بولۇپ، پەقەتلا خەلق سوت مەھكىمىسى سوت تەرتىپىنىڭ نورمال بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سوتخانا قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ قىلمىشىنى چەكلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىر تۈرلۈك مەجبۇرلاش تەدبىرىدۇر.

4. مەمۇرىي جەرىمانە - قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توسۇش ۋە ئۇنى تۈزىتىش مەقسىتىدە قوللىنىلىدىغان بىر تۈرلۈك مەمۇرىي جازالاش ۋاستىسى. مەمۇرىي جەرىمانە قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئورۇنلار، قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرت ۋە تەرتىپلەرگە ئاساسەن، قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە قانۇنغا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلغۇچىلارنى جازالاش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بىر تۈرلۈك مەمۇرىي جازا ۋاسىتىسى بولۇپ، ئۇ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تۈزىتىش، قانۇنغا خىلاپ ھادىسىلەرنى توسۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە جامائەت مەنپەئىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى ئارقىلىق يىغىۋېلىنغان پۇل دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ. مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى ئادەتتە كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر تۈرلۈك مەمۇرىي جازا شەكلى بولۇپ، بۇ خىل جازانى پەقەت مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقى بولغان مەمۇرىي ئورگان ياكى قانۇن - قائىدىلەردە ھوقۇق بېرىلگەن تەشكىلات قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسلەردە مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش ھوقۇقى بولمايدۇ، لېكىن رېئال

تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا بىر قىسىم كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار ۋە تەشكىلاتلار ئۆز ئالدىغا بەلگىلىمە چىقىرىپ جەرىمانە قويۇش جازاسىنى تەسىس قىلماقتا ۋە ئىجرا قىلماقتا، بەزى جايلاردا قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار قولىدىكى هوقۇقىنى كۆز- كۆز قىلىپ پۇقرالارنى قەستەن قىيىنىماقتا، بەزى ئورۇنلار قالايمىقان جەرىمانە قويۇپ شەخسىي نەپكە ئېرىشمەكتە، بەزىلەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ۋە كىچىك كوللېكتىپىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ جامائەت مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتماقتا، قانۇنسىز قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلماي، قانۇنسىز قىلمىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ خىل پۇل يىغىۋېلىش ئۈچۈنلا جەرىمانە قويۇپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى توسۇش، تۈزىتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش بىلەن كارى بولمايدىغان، جەرىمانە پۇلىنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرماي شەخسىي بۆلۈشۈۋالىدىغان ياكى يوشۇرۇپ ئىشلىتىۋالىدىغان قىلمىشلارنىڭ هەممىسى ئوخشاشلا قانۇنغا خىلاپ قىلمىش بولۇپ مەمۇرىي جازا قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپ، شۇنداقلا مەمۇرىي جازانىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە روهىي ماهىيىتىگە خىلاپ، يۇقىرىقىدەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قەتئىي توسۇش، مەسئۇلىيىتى بار ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تېگىشلىك قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك.

5. مەمۇرىي جەرىمانە جازاسى تەدبىقلىنىدىغان ئوبيېكتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى كۆپىنچە هاللاردا ئىقتىسادىي مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەمۇرىي جەرىمانە پۇل ئارقىلىق قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدىغان بىر تۈرلۈك جازا شەكلى بولۇپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىتىدىغانلىقتىن، بۇ خىل جازا شەكلى كۆپىنچە هاللاردا جازاغا ئۇچرايدىغان ئوبيېكتى ۋە قانۇنغا خىلاپ قىلمىش بىلەن ئىقتىسادىي جەهەتتە باغلىنىشچانلىقىغا ئىگە بولىدۇ. بىرىنچىدىن، قانۇن چىقىرىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەمۇرىي جەرىمانە جازاسى بېرىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىش كۆپىنچە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان قىلمىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، جازاغا ئۇچرايدىغان تەرەپلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ هەرىكىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل هەرىكەتلەر كۆپىنچە هاللاردا پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا خىلاپ هەرىكەت بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى كۆپىنچە هاللاردا مەمۇرىي جەرىمانە جازا قارارىدا بەلگىلەنگەن پۇلنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان كىشىلەرگە تەدبىقلىنىدۇ. دەرۋەقە، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەلۇم بىر خىل قانۇنغا خىلاپ قىلمىشقا قارىتا قايسى خىل جازا شەكلىنى قوللىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتى چوڭراق بولىدۇ. يەنى مەلۇم بىر خىل قانۇنغا خىلاپ قىلمىشقا مەمۇرىي ئورگانلار ئاگاهلاندۇرۇش جازاسى بەرسىمۇ، مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى بەرسىمۇ ياكى مەمۇرىي جەهەتتىن توختىتىپ قويۇش جازاسى بەرسىمۇ بولىدۇ، لېكىن قايسى خىل جازا شەكلىنى قوللىنىشنى قارار قىلىشتا، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنىڭ پاكىتى، خاراكتېرى، ئەهۋالى، زىيانلىق دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئويلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جازاغا ئۇچرايدىغان ئوبيېكتىنىڭ جازا قارارىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار- يوقلۇقىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش كېرەك، ئەگەر مۇقىم ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەسى بولمىغان هەم مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا يېتەرلىك بولغان مال- مۈلكى بولمىغان كىشىلەرگە قارىتا مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى بېرىلسە، ئۇنىڭ جازا قارارىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى ئەمەلىي ئەهمىيىتىنى يوقىتىدۇ، بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، جازاغا ئۇچرىغۇچى تەرەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەهۋالى مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسىنى تەدبىقلاشتا مۇئەييەن دائىرىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، لېكىن قانۇن - نىزاملاردا مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش هەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولسا

مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى بېرىش كېرەك، كونكرېت ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە، جەرىمانە سوممىسى بىر قەدەر ئاز بولسا ياكى جەرىمانە سوممىسى كۆپرەك بولسىمۇ جازاغا ئۇچرىغۇچىنىڭ تۆلەش ئىمكانىيىتى بولسا جەرىمانە سوممىنى بىر قېتىمدىلا تاپشۇرۇش ھەققىدە قارار چىقىرىش كېرەك، ئەگەر مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسىغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولۇپ جەرىمانە سوممىسىنى بىر قېتىمدىلا تاپشۇرۇشقا قۇربى يەتمىسە، مۇددەتكە بۆلۈپ تاپشۇرۇشقا ياكى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشقا قارار قىلىنسا بولىدۇ، جەرىمانە سوممىسىنى تاپشۇرۇشقا نەق پۇل بولمىسا ياكى نەق پۇل كاملاپ قالغان بولسا جازاغا ئۇچرىغۇچىنىڭ باشقا مال - مۈلۈكلىرىنى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ياكى توڭلىتىلىپ قويۇلغان ئامانەت پۇلىنى جەرىمانە ئورنىدا ئاجرىتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مەمۇرىي جەرىمانە قارارىنى ئىجرا قىلسا بولىدۇ. مەمۇرىي جەرىمانە جازاسىغا ئۇچرىغۇچى كىشى مەمۇرىي جەرىمانە قارارىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە، مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش قارارى داۋاملىق ئىجرا قىلىنامدۇ - يوق دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، دۆلىتىمىز قانۇنلىرىدا بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمە يوق، لېكىن دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى مۇئەييەن قانۇنىي مۇناسىۋەتنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ قائىدىگە ئاساسلانغاندا، مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسىغا ئۇچرىغان كىشى جازا قارارىدا بەلگىلەنگەن جەرىمانە سوممىسىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە، جازا قارارىنى ئىجرا قىلىدىغان سۇبيېكتى يوقالغانلىقتىن جازا قارارىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوقىلىدۇ، شۇنداق بولغاچقا مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسى ئومۇمەن ئىجرا قىلىنمايدۇ.

مەمۇرىي جەرىمانە — دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىدىغان، جازالاش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بىر تۈرلۈك مەمۇرىي قانۇن جاۋابكارلىق شەكلى بولۇپ، جازاغا ئۇچرىغۇچى تەرەپلەرنى مال - مۈلۈك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش رولىنى ئوينىغانلىقتىن، بۇ خىل جازا شەكلى توغرا قوللىنىلمىسا ئىجتىمائىي تەسىرى چوڭ بولىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، مەمۇرىي جازا بەرگۈچى ئورگانلار مەمۇرىي جەرىمانە قويۇشتىن ئىبارەت جازا شەكلىنى قوللانغاندا مۇنداق بىرقانچە مەسىلىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

1) مەمۇرىي جەرىمانىنىڭ دائىرىسىنى توغرا ئېگىلەش كېرەك

دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەمۇرىي قانۇن- نىزاملاردا مەمۇرىي جەرىمانە سوممىسىنىڭ يۇقىرى چېكى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلغان، ياكى يۇقىرى چېكى ھەم تۆۋەن چېكى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولۇپ، مۇقىم بېكىتىلگەن سان بولمىغانلىقتىن، مەمۇرىي ئورگانلار ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى مەمۇرىي جەرىمانە جازاسىنى قارار قىلىشتا بىر قەدەر كەڭ بولغان تاللاش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي جەرىمانە جازا قارارىنى چىقىرىشتا چوقۇم مەمۇرىي ئىشلارنىڭ مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنىڭ پاكىتى، خاراكتېرى، ئەھۋالى ۋە جەمئىيەتكە يەتكۈزگەن زىيىنى قاتارلىقلارنى تولۇق ئويلىشىپ، مەمۇرىي جەرىمانە جازاسىنىڭ تولىمۇ ئېغىر ياكى تولىمۇ يېنىك بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

2) مەمۇرىي جەرىمانە جازاسى بىر خىل شەكىلگە ئىگە بولغان كونكرېتنى مەمۇرىي ھەرىكەت بولۇپ، مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسىنى قارار قىلغاندا چوقۇم يازما قارار چىقىرىش كېرەك، ئاغزاكى قارار قىلىشقا ياكى يازما قارارنىڭ ئورنىغا باشقا شەكىللەرنى قوللىنىشقا ياكى بولمىسا ھېچقانداق ئىسپات بەرمەي مەمۇرىي جەرىمانە پۇلىنى يىغىۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ، مەمۇرىي جەرىمانە جازا قارارىغا ئالاقىدار تەرەپنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى، جازا بېرىش ئاساسى،

جەرىمانە سوممىسى، ئىجرا قىلىش ۋاقتى قاتارلىقلار ئېنىق يېزىلىشى، ھەمدە مەمۇرىي جەرىمانە قارارىغا قايىل بولمىغانلارنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىش ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق ئۇختۇرۇپ قويۇش كېرەك.

3) مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش قارارىنى چىقارغۇچى مەمۇرىي ئورگان بىلەن مەمۇرىي جەرىمانە پۇلىنى يىغىۋالغۇچى ئاپپارات ئايرىم بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك، مەمۇرىي جەرىمانە - مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي باشقۇرۇش پائالىيىتى داۋامىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان، شۇنداقلا ئەڭ ياختۇرۇپ قوللىنىدىغان بىر تۈرلۈك جازا شەكلى، نۆۋەتتە بىر قىسىم ئورۇنلار مەمۇرىي جەرىمانە قويۇشنى ئۆزىنىڭ كىچىك كوللېكتىپىغا پۇل كىرىم قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا. مەمۇرىي ئورگانلار ھەم مەمۇرىي جەرىمانە قارارى چىقارغۇچى ھەم مەمۇرىي جەرىمانە پۇلىنى ئالغۇچى ئورگان بولسا، مەمۇرىي ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش ھادىسىلىرى يامراپ كېتىپ، چىرىكلىشىش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. مەمۇرىي جەرىمانە پۇلىنى يىغىۋېلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھەر خىل قانۇنغا خىلاپ ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىش ئۈچۈن مەمۇرىي جازا قانۇنىنىڭ 46- ماددىسىدا: «مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش قارارىنى چىقارغۇچى مەمۇرىي ئورگان بىلەن مەمۇرىي جەرىمانە ئالغۇچى ئاپپارات ئايرىم بولۇش لازىم» دەپ ناھايىتى ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. قانۇندا ئالاھىدە بەلگىلەنگەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش قارارىنى چىقارغان مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملىرى، مەمۇرىي جەرىمانىنى ئۆزى ئالسا بولمايدۇ، مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش جازاسىغا ئۇچرىغۇچى تەرەپ مەمۇرىي جازا قارارىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنىدىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە مەمۇرىي جازا قارارىدا بەلگىلەنگەن بانكىغا بېرىپ مەمۇرىي جەرىمانىنى تاپشۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ مەمۇرىي جەرىمانە قويۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش داۋامىدا ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىش، مەمۇرىي جەرىمانە ئالغاندا تالون بەرمەسلىك ياكى ۋاقتى ئۆتكەن تالونلارنى بېرىش ھادىسىلىرىنى توسقىلى، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

**ئايگۈل ئىبرايىم تەھرىرلىدى**

---

(بېشى 22 - بەتتە)

دىنىي ئىشلارنى ئىلمىي باشقۇرۇش كېرەك. دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق قائىدىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دىنىي كەسپىي خادىملارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە تولۇق ماس كېلىدىغان دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش قانۇن - نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئىزچىل قوغدىشىمىز كېرەك.

7) قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قوغداپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. ئاز ساندىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە دىن تونىغا ئورىنىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىدىن يوچۇق ئىزدەپ، ئاز ساندىكى كادىرلارنىڭ خىزمىتىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ئۇتتۇۋېلىپ، تىغ ئۇچىنى پارتىيىگە، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزگە قارىتىۋاتىدۇ، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى رەھبىرىي كادىرلار ئۆز خىزمىتىدىكى نۇقسانىنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئاز ساندىكى چېكىدىن ئاشقان دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە ۋە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا دەل ۋاقتىدا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى تولۇق ساقلىغىلى بولىدۇ.

**زەينۇللا، ئايگۈل ئىبرايىم تەھرىرلىدى**

# ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا

**ئابلا ئىبرايىم**

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتى)

ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش ئالىي ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ۋە قائىدە- نىزاملارنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئەدلىيە جەھەتتە بەرگەن چۈشەندۈرۈشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، قانۇننىڭ ئەسلى روھىي ماھىيىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، قانۇن ماددىلىرىغا ئاساسلىنىپ، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، قانداق چارە- تەدبىرلەرنى قوللىنىش، ئابستراكىت بەلگىلىمە ۋە ئۇقۇملارنى قانداق چۈشىنىش جەھەتلەردە كونكرېت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇشتا ۋە تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆلچەمنى ئىگىلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ، قانۇن چىقىرىش جەھەتتە كېيىن تۇرىدىغان، ئىلمىي قائىدە جەھەتتە ئىزاھلاشنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان، قانۇن - قائىدە - نىزاملارنى ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان، ئەدلىيىلىك قىممەتكە ئىگە ئىزاھلاشتۇر. 1981- يىلى 6- ئاينىڭ 10- كۈنى «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇننى ئىزاھلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار» دا (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قارار» دېيىلىدۇ) قانۇننى ئىزاھلاشقا دائىر بەلگىلىمە كونكرېت بەلگىلەنگەن. بۇ «قارار» غا ئاساسلانغاندا، قانۇننى ئىزاھلاش ھوقۇقىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

1

ئومۇمەن قانۇن، ئەمىر- پەرمانلارنىڭ ماددىلىرىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىقلاپ تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ياكى تولۇقلاشقا توغرا كەلسە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئىزاھلىنىدۇ ياكى قانۇن، ئەمىر- پەرمان شەكلى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ 67- ماددىسىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقلىرى بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئىزاھلاش، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇننى ئىزاھلىغاندا «قارار»، «بەلگىلىمە»، «ئىزاھات» قاتارلىق ناملارنى قوللىنىپ ئىزاھلايدۇ. يۇقىرىقى ناملاردىن قايسىسىنى قوللانمىسۇن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەلىكىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنلارغا ئوخشاش قانۇني چەكلەش كۈچىگە ئىگە.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەمەلىيەتتە ئەدلىيە ئورگىنى ئەمەس، پەقەت ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمە بويىچە قانۇن چىقىرىش ۋە ئۇنى ئىزاھلاشتىن ئىبارەت ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە.

2

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئورگىنىدۇر. «قارار» نىڭ 2 - ماددىسىدا: «ئومۇمەن سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش خىزمىتىدە، قانۇن - پەرمانلارغا دائىر

مەسىلىلەرنى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئىزاھلايدۇ. تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەپتىش خىزمىتىدە كونكرېت قوللىنىلىدىغان قانۇن - پەرمانلارغا دائىر مەسىلىلەرنى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئىزاھلايدۇ. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئىزاھلىرىدا پرىنسىپال ئىختىلاپ كۆرۈلسە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار چىقىرىشىغا سۇنۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي ئەدلىيە ئورگىنى بولۇپ، ئۇلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن ۋە ئېلان قىلغان قانۇنلارغا قارىتا ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش ھوقۇقىغا ئىگە. لېكىن قانۇن- پەرمان تۈزۈش ۋە ئېلان قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت قانۇن- پەرمانلارنىڭ چەك- چېگرىسى ۋە ئۇنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا ئېنىق بولمىغان، شۇنداقلا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ ۋە ئىزاھلايدۇ. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۆز دائىرىسىدىكى قانۇنىي مەسىلىلەرگە بىۋاستە ئەدلىيىلىك ئىزاھات بېرىدۇ، ئورتاق مەسىلىلەرگە بىرلىكتە ئىزاھات بېرىدۇ.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىكى ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزاملىرىنى بەلگىلەيدۇ. بۇمۇ قارىماققا ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەمۇرىي جەھەتتىكى باشقۇرۇش ياكى كەسپىي جەھەتتىكى يېتەكچىلىكتىن ئىبارەت.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەدلىيىلىك ئىزاھلىرىغا «پىكرى»، «ئىزاھات»، «تەستىق»، «جاۋاب»، «ئۇقتۇرۇش»، «بەلگىلىمە»، «كونكرېت بەلگىلىمە»، «خاتىرە» قاتارلىق ناملارنى ئىشلىتىدۇ. بۇ خىل ئاتالغۇ مەزمۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن قوللىنىلىدۇ.

3

«قارار» نىڭ 3- ماددىسىغا ئاساسلانغاندا، گوۋۇيۈەن ۋە مەسئۇل تارماقلار سوت ۋە تەپتىش خىزمىتىگە مەنسۇپ بولمىغان باشقا قانۇن- پەرمانلارنى قانداق كونكرېت تەدبىقلاش- مەسىلىسىنى ئىزاھلايدۇ. ھەم سوت ۋە تەپتىش خىزمىتىگە مەنسۇپ بولمىغان ھەر قايسى مەمۇرىي رايونلارنىڭ تەشكىلىي نىزاملىرى، گوۋۇيۈەنگە قاراشلىق ھەر قايسى مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇن- پەرمانلارنى بەلگىلەيدۇ ۋە ئىزاھلايدۇ. سوت ۋە تەپتىش خىزمىتىگە مەنسۇپ بولمىغان قانۇن- پەرمان دېگەندە، مەمۇرىي جەھەتتىن تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغان، گوۋۇيۈەن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلار ئۆز خىزمەت دائىرىسىدە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئاساسەن قانۇن - پەرمان بەلگىلەش ھوقۇقىغا، شۇنداقلا ئىزاھلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئىزاھلاش ئاشۇ قانۇن - پەرمان كۈچكە ئىگە بولغان كەسپىي دائىرىدە ھەم مەمۇرىي رايوندا قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

4

ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن نىزام - تۈزۈملەرنى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق.

«قارار» نىڭ 4- ماددىسىدا: «ئومۇمەن يەرلىك نىزاملارنىڭ ماددىلىرىنى چەك- چېگرا جەھەتتىن تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياكى تولۇقلاشقا توغرا كەلسە، ئۇنى نىزام تۈزگەن ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق- قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئىزاھلايدۇ ياكى بەلگىلەيدۇ.

يەرلىك نىزاملارنى قانداق كونكرېت تەدبىقلاشقا دائىر مەسىلىلەرنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەسئۇل تارماقلىرى ئىزاھلايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ خىل بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن تۈزگەندە، قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇق بويىچە قانۇندىن ھالقىپ كەتمىگەن ئاساستا، يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ ئېلان قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئەگەر يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار تۈزگەن نىزاملارنى مەزمۇن جەھەتتىن تولۇقلاشقا توغرا كەلسە، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئۆزىنىڭ ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقىغا ئاساسەن تولۇقلاشقا ۋە ئىزاھلاشقا ھوقۇقلۇق، شۇنداقلا شۇ دائىرىدە كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بۇ خىل ئىزاھلاش ۋە تولۇقلاش ئومۇمەن «نىزام»، «چارە»، «ئۇقتۇرۇش» قاتارلىق ناملار بىلەن ئىزاھلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار ۋە باشقا قانۇنىي ئىگىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ تېخنىكا ۋە تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن بەزى چارە-تەدبىرلەرنى بەلگىلەيدۇ. بۇ چارە-تەدبىرلەر ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنىڭ «ئىپتىدائىي» مەنبەسى بولۇپ، قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى ئىزاھلاشتىن باشلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكىچە مۇكەممەللىشىدۇ. لېكىن بۇ خىل «ئىپتىدائىي» مەنبە قانۇننى ئىزاھلاش ياكى تولۇقلاشنىڭ تەپسىلىي جەريانى ۋە مەزمۇنى بولماستىن، بەلكى ئەڭ ئاددىي تۈزۈم-تەرتىپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.

5

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «قارارى»دا ئىزاھلىغۇچى سۇبيېكتلار ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتە ئىزاھلاش جەريانىدا بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

1) بەزى ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش ھوقۇقى بولمىغان ئورۇنلار ئىزاھلاش ئېلىپ بارغان. يەنى ئەدلىيە جەھەتتە ئىزاھلاش ھوقۇقى بولمىغان مەمۇرىي ئورۇنلار ۋە ئاساسىي قاتلام ئەدلىيە ئورگانلىرى ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنى قالايمىقان قوللانغان ۋە ئىزاھلىغان. بۇ خىل ئىزاھلاشلار ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىزاھلىشى بىلەن زىت كەلگەن.

2) بەزى ئەدلىيىلىك ئىزاھاتلار ئاشكارا ئومۇميۈزلۈك يۈرگۈزۈلمىگەن. يەنى «ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان ھۆججەت» ئاساسىدا چۈشەندۈرۈلگەن بولغاچقا، ئامما، دەۋالاشقۇچىلار، ئادۋوكاتلار، ھەتتا ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى، بولۇپمۇ چېگرا رايون سوت مەھكىمىلىرىدىكى سوتچىلارنىڭ خەۋەردار بولۇشى ناھايىتى ئاز. شۇڭا، ئەدلىيىلىك ئىزاھاتلار ئومۇميۈزلۈك ئاشكارىلىنىشى كېرەك.

3) بەلگىلەنگەن ۋە ئېلان قىلىنغان ئەدلىيىلىك ئىزاھاتلارنىڭ تەرتىپى ئۆلچەملىك ئەمەس، ئۆز بېشىمچىلىق ئېغىر، شۇنداق بولغاچقا ئەدلىيىلىك ئىزاھاتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكەن.

4) ئەدلىيىلىك ئىزاھات ھۆججەتلىرىنىڭ نامى ۋە شەكلى بىردەك ئەمەس. كۆپىنچە «پىكرى»، «ئىزاھات»، «تەستىق»، «جاۋاب»، «ئۇقتۇرۇش»، «بەلگىلىمە (ياكى دائىر بەلگىلىمە، كونكرېت بەلگىلىمە)»، «خاتىرە»، «تەستىق خېتى» قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ نامى، شەكلى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى تەلىپىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش شۇنداقلا تېخىمۇ نوپۇزلۇق قىلىش كېرەك.

5) ئەدلىيىلىك ئىزاھاتنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى ئېنىق ئەمەس. ① ئەدلىيىلىك ھۆججەتلەرنى چۈشۈرگەن ۋاقىت كۈچكە ئىگە بولغان ۋاقىت قىلىپ بەلگىلەنگەن. ② بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا چۈشۈرۈلگەن ھۆججەتلەرنىڭ ۋاقتى يوق، پەقەت سوت ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرىلەشكەن ۋاقتى يېزىلغان. ③ چۈشۈرگەن ھۆججەتنىڭ ۋاقتى بىلەن كۈچكە ئىگە بولغان

ۋاقتى بىردەك ئەمەس. ④ كىچىك ئىگە بولۇش ۋاقتى پرىنسىپال بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن مونوپول قىلىنىۋېلىنغان. بۇلاردىن باشقا ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنىڭ كۈچتىن قېلىش ۋاقتىغا ئەمەلىيەتتە ئۆزلىكىدىن كۈچتىن قېلىش پرىنسىپى قوللىنىلغان. بىرىنچى، يېڭى قانۇن ئېلان قىلىنسا يېڭى ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش بېرىلىپ، بۇرۇن ئېلان قىلىنغان ئەدلىيىلىك ئىزاھات بىكار قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتە ئۆزگىرىش بولسا، ئەسلىدىكى ئەدلىيىلىك ئىزاھاتتىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردا ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېلان قىلىنغان ئەدلىيىلىك ئىزاھاتتىكى بەزى مەزمۇنلار قوللىنىلمايدۇ. ئۈچىنچى، ئەسلى ئېلان قىلىنغان ئەدلىيىلىك ئىزاھاتنىڭ مەزمۇنى توغرا بولمىسا ئۆزگەرتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ئەدلىيىلىك ئىزاھات بىكار قىلىنىدۇ.

6) بەزى ئەدلىيىلىك ئىزاھاتلار ۋەزىيەتكە يېتىشەلمىگەن. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى، بەلگىلەنگەن ۋە ئېلان قىلىنغان ئەدلىيىلىك ئىزاھاتنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن. بەزى ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش ئىشلىرى كەم بولسا تولۇقلاش، تەكشۈرۈش، مۇنازىرە قىلىش بىلەن تولۇقلىنىدۇ.

7) ئەدلىيىلىك ئىزاھات تەرتىپلىك ئەمەس. قايسى ئەدلىيىلىك ئىزاھات كۈچكە ئىگە بولىدۇ، قايسى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. قايسى قىسمى كۈچكە ئىگە بولىدۇ، قايسىسىنىڭ مەزمۇنلىرى تەكرارلانغان ياكى توقۇنۇشۇپ قالغان، بۇلار تېخى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىنمىغان ۋە تۈزىتىلمىگەن.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىش ۋە تولۇقلاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىش لازىم.

بىرىنچى، ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئېنىقلىۋېلىش كېرەك. ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 14- قۇرۇلتىيى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىش ۋە تولۇقلاش، شۇنداقلا قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقنى قانۇن بويىچە قاتتىق، توغرا يۈرگۈزۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوت ئەمەلىيىتىدە كونكرېت تەدبىق قىلىپ، قانۇن- تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش خىزمىتىنىڭ پرىنسىپىنى بەلگىلىۋېلىش كېرەك. ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش خىزمىتىنىڭ پرىنسىپى، ئۇنى بەلگىلىگەن ۋە ئېلان قىلغاندا ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان پرىنسىپنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئوخشىمايدىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. ① مۇستەقىل يۈرگۈزۈش پرىنسىپى. قانۇنغا ئاساسلانغاندا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش ھوقۇقىغا ئىگە. باشقا ھەر قانداق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىزاھلاش ۋە ئېلان قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. بىراق، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن پىكىر ئېلىشى ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىزاھلىشى كېرەك. ② قانۇنلۇق بولۇش پرىنسىپى. ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش ئېلىپ بارغاندا چوقۇم قانۇننى ئاساس قىلىش كېرەك. ③ كونكرېت، ئېنىق بولۇش پرىنسىپى. ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنىڭ مەقسىدى قانۇن- بەلگىلىمىلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، قانۇننى توغرا تەدبىق قىلىش بولۇپ، بۇ ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنىڭ تۈپكى تەلىپىدۇر. ④ ئاشكارا بولۇش پرىنسىپى. ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش يېڭى ئېلان قىلىنغان قانۇن، ئەمىر- پەرمانلارغا ئوخشاش مەلۇم شەكىللەر ئارقىلىق ئاشكارا بولۇش كېرەك. قانۇن بىلەن ئەدلىيىلىك ئىزاھات ئوخشاشلا بىر خىل ھەرىكەت مىزانى بولۇپ، سوت خىزمىتىدە كونكرېت تەدبىق قىلىنىدۇ. ⑤ تەرتىپلىك،

قائىدىلىك بولۇش پرىنسىپى. بەلگىلەنگەن ۋە ئېلان قىلىنغان ئەدلىيىلىك ئىزاھاتلار مەلۇم تەرتىپكە ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك. يەنى ئەدلىيىلىك ئىزاھاتلار تولۇق تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈشى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق ئېلان قىلىنىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنىڭ تەرتىپى قائىدىلىك بەلگىلىنىشى ۋە ئېلان قىلىنىشى كېرەك. ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكى تەرتىپلەر ئارقىلىق بەلگىلەش ۋە ئېلان قىلىش لازىم. ① ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنىڭ تۈرىنى بەلگىلەش كېرەك. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش ئېلىپ بارغاندا، ئۇنى تەدبىق قىلىش مەسىلىسىنى ئۇنىڭ تۈرى بويىچە ئېلان قىلىشى ۋە مەسئۇل كىشىنى بەلگىلىشى كېرەك. ② تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش كېرەك. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەتقىقات ئىشخانىسى ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنى ئىش تەقسىماتى بويىچە ئېلىپ بېرىشى، مۇناسىۋەتلىك قانۇن ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشى، توپلىشى كېرەك. ③ ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنىڭ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى، مەخسۇس سوت مەھكىمە، قانۇن چىقىرىش، سىياسىي قانۇن تەتقىقات ئورۇنلىرى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك باشقا تارماقلاردىن پىكىر ئېلىشى، سۆھبەت يىغىنى ئېچىشى كېرەك. ④ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك. سوت ھەيئىتى مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىشى، ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى ھەمدە ئىمزا قويۇپ تارقىتىلىشى كېرەك. ⑤ ئېلان قىلىش كېرەك. يەنى دەل ۋاقتىدا گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشى كېرەك. ⑥ ئىزاھلاش مۇددىتى بولۇش كېرەك. ئەدلىيىلىك ئىزاھات بەلگىلەنگەندىن باشلاپ ئېلان قىلىنغىچە، ئادەتتە ئۈچ ئايدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ياكى چوڭ تىپتىكى ئەدلىيىلىك ئىزاھاتلارنى بەلگىلەش ۋاقتى ئالتە ئاي بولۇشى، ئەگەر زۆرۈر بولغاندا سوت مەھكىمە باشلىقىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۇزارتىلىشى كېرەك.

تۆتىنچى، ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنىڭ شەكلى، نامى ۋە فورمىسى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك. ① ئەدلىيىلىك ئىزاھات كونكرېتنى قانۇنىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، يېزىقچە شەكىل قوللىنىلىشى كېرەك. ھەر قايسى سوت كوللېگىيىلىرىدىكى تەتقىقات ئىشخانىلىرى كونكرېت دېلوغا قارىتا ئاغزاكى شەكىل ياكى يازما شەكىل بىلەن ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلۈشى لازىم. ② ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنىڭ نامى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك. ئەدلىيىلىك ئىزاھاتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا «ئىزاھات»، «بەلگىلىمە»، «تەستىق» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولۇشى كېرەك. «ئىزاھات» ئاساسلىقى، مەلۇم قانۇننىڭ ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئىزاھلىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا مەلۇم دېلوغا قارىتا تەپسىلىي ئىزاھلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «بەلگىلىمە» ئاساسلىقى، سوت ئەمەلىيىتىدە قايسى قانۇننى تەدبىق قىلغاندا دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى بەلگىلىمىنى كۆرسىتىدۇ. «تەستىق» ئاساسلىقى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ، ھەربىي ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت ئەمەلىيىتىدە كونكرېت تەدبىق قىلىنىدىغان قانۇنىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى تەستىقىنى كۆرسىتىدۇ. ③ يېزىق جەھەتتىكى تېخنىكا مەسىلىلىرى قائىدىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئەدلىيىلىك ئىزاھاتتا بىردەك دۆلەت تىلىدا قوللىنىلىدىغان سان - سىفىرلار قوللىنىلىشى، يەنى 1981- يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىكى دۆلەتلىك تىل يېزىق كومىتېتى ئېلان قىلغان «مەتبۇئاتتىكى سانلارنى قوللىنىش ھەققىدىكى سىناق تەرتىپىدە يولغا قويۇلىدىغان بەلگىلىمە» بويىچە ئىجرا قىلىنىشى كېرەك.

بەشىنچى، ئەدلىيىلىك ئىزاھلاشنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى كۈچى ئېنىق بولۇشى كېرەك. ①

ئەدلىيىلىك ئىزاھاتنىڭ ئۆزىدە كۆچكە ئىگە بولۇش ئېنىق بەلگىلەنگەندىن سىرت ئادەتتە، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئېلان قىلغان كۈن كۈچكە ئىگە بولغان ۋاقىت بولۇشى كېرەك. ② يېڭىدىن بەلگىلەنگەن ئەدلىيىلىك ئىزاھاتلارنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش ۋاقتى ئېنىق بولۇشى، يەنى قاچاندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى بەلگىلىنىشى كېرەك. ③ ئەدلىيىلىك ئىزاھاتنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە كۆچتىن قېلىش مەسىلىدە، ئادەتتە ئۆزلىكىدىن كۆچتىن قېلىش پرىنسىپى قوللىنىلىشى، يەنى يېڭى قانۇن ئېلان قىلىنغاندا ياكى قانۇنغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندە ئەدلىيىلىك ئىزاھاتمۇ ئۆزگەرتىلىشى، ئۆز ئارا زىت بولماسلىقى كېرەك.

ئالتىنچى، ئەدلىيىلىك ئىزاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشكارىلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ① ئەدلىيىلىك ئىزاھات بەلگىلەنگەندىن كېيىن دەرھال «ئالىي خەلق سوت مەھكىمە گېزىتى» دە ياكى رادىئو- تېلېۋىزىيىلەردە ئېلان قىلىنىشى ۋە ئاڭلىتىلىشى كېرەك. ② مەزمۇنى ئېنىق بەلگىلىنىشى، يەنى سوت ئەمەلىيىتىدە دەۋالاشقۇچىلار، دەۋا ۋەكالەتچىلىرى، ئادۋوكاتلار تولۇق چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ③ ئەدلىيىلىك ئىزاھات قانۇنىي جەھەتتە چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، كونكرېت مەزمۇنلىرى ھۆكۈمنامىلەردە قانۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەدبىق قىلىنىشى كېرەك.

يەتتىنچى، ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش خىزمىتىنى نازارەت قىلىدىغان ۋە چەكلەيدىغان ئاپپاراتلار قۇرۇلۇشى كېرەك. ① ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئورگان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پۈتكۈل سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيىلىك ئىزاھات خىزمىتىگە ماسلىشىپ، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئەدلىيىلىك ئىزاھاتى مەزمۇنىدا توقۇنۇش بار - يوقلىقىنى، شەكلى، فورمىسى مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرىدۇ. ② مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇ ئادەتتە ئەدلىيىلىك ئىزاھاتنىڭ قانۇنىي جەھەتتە كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىغا نازارەت قىلىدىغان ئورگاندۇر. ئەگەر ئەدلىيىلىك ئىزاھاتلاردا خاتالىق بارلىقى سېزىلگەندە، ئۇنى دەرھال بىكار قىلىش ياكى تۈزىتىشى كېرەك. ③ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئەدلىيىلىك ئىزاھاتنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ. ئەگەر، ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى ھوقۇقىدىن ھالقىپ كەتكەن ھالدا ئەدلىيىلىك ئىزاھات ئېلىپ بارغان بولسا، ئىزاھات خاراكتېرلىك ھۆججەت بەلگىلەش ئارقىلىق بىكار قىلىش كېرەك.

سەلىمە خوجا تەھرىرلىدى

---

ئۆتنە يېرىم قىلماق تۇرمۇشتا بار ئىش،
بىلمىنى ئۆتنىگە ئالماق خار ئىش.
بىراۋنىڭ تونىدا تەرلەيمەن دېيىش،
ۋىجدانلىق كىشىگە بىر ئۆمۈر خار ئىش.

— ئا. ئۆتكۈر

# تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى رولى توغرىسىدا

تۇرسۇن روزى

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە مەكتىپى)

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى دېگىنىمىز — دۆلەتنىڭ ماكرو جەھەتتىن تەڭشەپ تىزگىنلىشىدە، بازارنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۆپ خىل ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش دېگەنلىك بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بازارلىشىشى، يەنى پۈتكۈل ئىگىلىكنى بازار ئارقىلىق تەڭشەش دېگەنلىك. بازار ئىگىلىكىنىڭ شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش جەريانى ئىنتايىن مۇرەككەپ سىستېمىلىق قۇرۇلۇش بولۇپ، ئەنئەنىۋى مەمۇرىي ۋاسىتىلارغا تايىنىپ بازار ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ئۇنى ئىقتىسادىي ۋاسىتە ۋە قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تەڭشەپ ئىزغا سالغىلى بولىدۇ. مەمۇرىي ۋاستە بولسا زۆرۈر تولۇقلىما قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇزۇپ ئېيتالايمىزكى، بازار ئىگىلىكى قانۇنىي ئىگىلىكتۇر. ئۇنداق بولسا دۆلەتنىڭ قانۇنىي نازارەت قىلىدىغان تەپتىش ئورگىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى جەريانىدا ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى قانداق جارى قىلدۇرالايدۇ؟

1. قانۇن قورالىرىدىن پايدىلىنىپ خىيانەتچىلىك قىلىش، پارىخورلۇق قىلىش، خىزمەت ئورنىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش قاتارلىق زور دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىپ، ئىقتىسادىي ساھەلەردىكى مىتە - قۇرۇت ۋە ئۆسمىلەرنى قېزىپ چىقىپ ۋە ئۇنى تازىلاپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى قوغدايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بازار ئىگىلىكى - بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئادىل رىقابەتنى يولغا قويۇپ، ناچارلىرىنىڭ شاللىنىپ، ئەلالىرىنىڭ ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىشىغا، قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەڭشەشتىكى رولىنىڭ تولۇق جارى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان، شەخسىي غەرەز بىلەن قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان، پارە ئېلىپ پارە قوبۇل قىلىدىغان ئەھۋاللار ئادىلسىز رىقابەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ياكى بولمىسا تاۋار ئوبوروتى جەريانىدا چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ، نەتىجىدە بازار رىقابىتىدە قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ تەڭشەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش مۇمكىن بولماي قالىدۇ- دە، بازار رىقابىتى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بولغان تۈرتكىلىك رولىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىمىز ۋە ئۇنى ساغلاملاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش، شەخسىي غەرەز بىلەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز ۋە ئۇلارنى جازالىشىمىز لازىم. ئەگەر يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار

سادىر بولسا، تەپتىش ئورگانلىرى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، بىۋاسىتە دېلو تۇرغۇزىدۇ، تەھقىقلەپ پاش قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى قوغدايدۇ.

2. ھەر خىل ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ. ھەر خىل جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالىدىكەن پۇقرالارنىڭ ھاياتى، مال- مۈلكى ۋە جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە، بەلكى شۇ رايون، شۇ دۆلەتكە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ھاياتى، مال- مۈلكى ۋە جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. پايدىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى زور بولسىمۇ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئۆزىگە تارتالماسلىقى تۇرغانلا گەپ. ئەگەر بازارنىڭ سوبيېكتى بولمايدىكەن، بازارنىڭ شەكىللىنىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىمىز ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى بىر ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. ئېلىمىزنىڭ «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، تەپتىش ئورگانلىرى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش ۋە ئەيىپلەشنى قارار قىلىش قاتارلىق خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار قانۇن بويىچە ئاساسلىق خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

3. ھەق - تەلەپ ئىشلىرىغا بولغان مەمۇرىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىي ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كارخانىلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ياخشى بىر باشقۇرۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ. مەمۇرىي ھوقۇق دۆلەت ھوقۇقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، ئۇنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ھەقىقەتەن كەڭ، مەمۇرىي ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىپ كېتىلسە، بازار ئىگىلىكىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن. مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىگە قانداق كاپالەتلىك قىلىش، مەمۇرىي ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا ھەل قىلىش تامامەن زۆرۈر بولغان قانۇنچىلىق مەسىلىسىدۇر. ئېلىمىزنىڭ «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارغا ئاساسلانغاندا، تەپتىش ئورگانلىرى ھەق - تەلەپ ئىشلىرىدىكى مەمۇرىي تەپتىش نازارەتچىلىكى ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى ئۈنۈملۈك ھالدا قوغدايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق سوت مەھكىمىسى، مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىشىغا قارىتا ئۈنۈملۈك بولغان قانۇنىي نازارەتچىلىكنى يولغا قويىدۇ.

4. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا كاشىلا بولىدىغان يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى يوقىتىدۇ. تەپتىش ئورگانلىرى — خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ساختا تاۋار قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەتلەرنى

(ئاخىرى 56 - بەتتە)

# ئۇچۇر بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى


## تاش مۇھەممەت رېيىم

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسى)


ئۇچۇر بىلەن بىلىم راۋاجلىنىپ، ئۇچۇر ۋە بىلىم ئىگىلىكى پەيدا بولغان ھازىرقى دەۋردە، ئۇچۇر بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانداق بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇھاكىمە تېمىسىغا ئايلىنىپ، خىلمۇ- خىل ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، ئارتۇقچىلىقىنى ئېلىپ، كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ، مۇكەممەل قاراشنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋال ئۇچۇرنىڭ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇچۇرلار ئۈچ خىل شەكىلدە بولىدۇ. بىرىنچى، ئوبيېكتىپ تەبىئىي قانۇنلار دۇنياسىدىكى شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ھالىتى ھەم ئۆزگىرىش ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۇبىستانسىيىلىك ئۇچۇرلار. ئۇ تەبىئىي پەندىكى ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جانلىقلار ئىلمىنىڭ ئۇچۇرلىرى بىلەن ئىجتىمائىي پەن ئۇچۇرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي پەن ئۇچۇرلىرىدا ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ۋە جىسمانىي ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇچۇرلاردىن باشقا ئۇچۇرلار يوق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار ھەرىكىتىنىڭ ھالىتى ھەم ئۆزگىرىش ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۇبىستانسىيىلىك ئۇچۇرلارغا كىرىدۇ. ئىككىنچى، ئىنسانلارنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىۋى دۇنياسىدا قوبۇل قىلىنغان، شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ھالىتى ھەم ئۆزگىرىش ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۇبيېكت ياكى بىلىش نەزەرىيىسى مۇناسىۋىتىدىكى يېپىق خاراكتېرلىك ئۇچۇرلار. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئۆگىنىشتىن ئالغان، ئۆز ئەمەلىيىتىدە قوللىنىدىغان ۋە باشقىلارغا تىل ھەم ئەمەلىيەت ئارقىلىق تارقىتىدىغان ئالى ۋە تەپەككۇر ھالىتىدىكى بىلىم - تەجرىبىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى، ئوبيېكتىپ ئۇقۇم دۇنياسىغا تەۋە بولغان، شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ھالىتى ھەم ئۆزگىرىش ئۇسۇلىنى تىل - يېزىق، رەسىم، رادىئو، كىنو- تېلېۋىزىيە، سانلىق ئاساس قاتارلىق خاتىرىلەش شەكىللىرى ئارقىلىق بايان قىلىدىغان، سۇبيېكت ياكى بىلىش نەزەرىيىسى مەنىسىدىكى ئوچۇق خاراكتېرلىك ئۇچۇرلار. ئۇ خاتىرىلىنىپ تارقىتىلىدىغان، ساقلىنىدىغان، ۋارىسلىق قىلىنىدىغان ئۇچۇر بولغانلىقتىن، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، دەۋردىن - دەۋرگە ۋارىسلىق قىلىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ «ھەقىقىي ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ئۇچۇر دۇنياسى» دېيىلىدۇ. يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل شەكىلدىكى ئۇچۇرلار پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىقلا بىلىمگە ئايلىنىدۇ ۋە قوللىنىلىدۇ. شۇڭا دۇنيادىكى مەشھۇر لۇغەتلەردە بىلىم سانلىق ئاساس، خەۋەر دەپ قارىلىپ، ئۇچۇرنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

ئۇچۇر بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارنى بەش خىلغا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ.

1. تەڭداش مۇناسىۋەت. بۇ قاراشتىكىلەر

بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، ئۇنى ئۇچۇردىن ئايرىپ چىقىپ، ئۇچۇر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، ئەقلىي ئىقتىدارنى يېتىشتۈرۈش بىلەن ئۆستۈرۈش بىلىمنى سىڭدۈرۈش ۋە قوبۇل قىلىشتىنمۇ مۇھىم. شۇڭا ئۇچۇر بىلەن بىلىمنى تەڭ ئورۇنغا قويۇش بىلەن بىللە، ئەقلىي ئىقتىدارنى ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. چۈنكى ئۇچۇرمۇ، بىلىممۇ ئەقلىي ئىقتىدار ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ ۋە قوللىنىلىدۇ، بۇ ئۈچىنى بىر-بىرىدىن ئايرىغىلى بولمايدۇ.

2. ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتى. پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ئۇچۇرنىڭ بىلىمگە ئايلىنىشىدا گەپ يوق. بىلىمنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئۇچۇرلۇقىمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىلىملەردە ئېتىراپ قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇچۇرنىڭ قايسى دەرىجىگىچە پىششىقلاپ ئىشلىنىپ بىلىمگە ئايلىنىشى ھەرىكەت ھالىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىش جەريانى بولىدۇ. ئۇچۇرنىڭ بىلىمگە، بىلىمنىڭ ئۇچۇرغا ئۆزئارا بۇنداق ئۆزگىرىشى ئوبيېكتىپ ئۇقۇملار دۇنياسىدىمۇ، سۇبيېكتىپ مەنىۋى دۇنيادىمۇ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر-بىرىگە ئۆزگىرىدۇ. ئۇچۇرنىڭ بىلىمگە ئۆزگىرىشىنى ئېتىراپ قىلىپ، بىلىمنىڭ ئۇچۇرغا ئۆزگىرىشىنى ئېتىراپ قىلمىسا، بۇ ئىككىسى ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل نەرسە بولۇپ قالىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بىلىم بولۇش بىلەن بىللە ئۇچۇرلۇقى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئۇچۇر بولۇش بىلەن بىللە بىلىملىكى ئىنكار قىلىنىدۇ.

3. ئۆز ئىچىگە ئېلىش مۇناسىۋىتى. ئايرىم يولداشلار ئۇچۇرنى بىلىمنىڭ، بىلىمنى ئۇچۇرنىڭ قىسىم تۈپلىمى دەيدىغان تەبىرگە ئاساسلىنىپ، بىلىم ۋە ئۇچۇر ئىگىلىكىنىڭ «بىر يىلتىز»لىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسى بار-يوقلۇقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ، ئۇچۇر بىلەن بىلىمنىڭ زادى قايسى قايسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بىلىمنىڭ ئاخباراتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ئاخبارات ئۇچۇر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئۇچۇرغا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكتىن ئىبارەت. ھەرقانداق ئۇچۇردىن پايدىلىنىش ئاخباراتقا ئېرىشىش بولىدۇ. ئاخبارات ئۇچۇرىدىن سىستېمىلاشقان، ئابستراكتلاشقان بىلىملەر پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئاخبارات بىلىمنىڭ قىسىم تۈپلىمى دېيىلىدۇ. ئۇچۇردىن ھاسىل بولغان تارقاق ۋە سىستېمىلاشقان بىلىملەر ئادەملەرنى يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، دەسلەپكى بىلىم ئۇچۇرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇچۇر بايلىق مەنبەسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا بىلىممۇ ئۇچۇرنىڭ قىسىم تۈپلىمى دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇچۇر ئىگىلىكى بىلەن بىلىم ئىگىلىكى ئىككىسى ئىككى نەرسە بولماستىن، ئىككىسى ئوخشاش بىر ئىگىلىكتۇر، يەنى ئۇچۇر ئىگىلىكى بىلىم ئىگىلىكى، بىلىم ئىگىلىكى ئۇچۇر ئىگىلىكى دېگەنلىكتۇر.

4. ئايرىپ چىقىش مۇناسىۋىتى. بۇ قاراشتىكىلەر بىلىمنى ئۇچۇردىن ئايرىپ چىقىپ، ئۇچۇرنى بىلىمنىڭ «خام ئەشيا» ياكى «يېقىلغۇ»سى دەپ قاراپ، بىلىمنىڭ بىر خىل ئۇچۇرلۇقى ھەم ئۇچۇرغا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇچۇرنىڭ رولىنى تۆۋەنلىتىپ بىلىمنىڭ رولىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بۇ قاراش ئۇلارنىڭ بىلىمدىن ئايرىپ چىقماقچى بولغان ئۇچۇرنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىدە ئوخشاش بىلىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىن پەيدا بولغان. خام ئەشيا ماتېرىيال، ماتېرىيال بولمىسا ھەر قانداق نەرسىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ؛ يېقىلغۇ — ئېنېرگىيە، ئېنېرگىيە بولمىسا ھەرقانداق ھەرىكەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇچۇرنى بىلىمنىڭ «خام ئەشيا»، «يېقىلغۇ»سى دەپ تۇرۇپ، يەنە ئۇچۇرنىڭ رولىنى تۆۋەنلىتىپ بىلىمنىڭ رولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش «كىتاب ئوقۇپ ئەمەلدار بولۇش» ئىدىيىسىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

5. ئورنىغا دەسسىتىش مۇناسىۋىتى. ئۇچۇر بىلەن بىلىمنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بىر، ئىشلىتىشتە يەكلىمەيدىغان ئوخشاشلىقلىرى

بولغاچقا، ئۇلارنى بىر- بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولىسمۇ، لېكىن يەنە مەلۇم پەرقى بولىدۇ. يەنى بىلىمنى ئۇچۇرنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولىسمۇ، لېكىن ئۇچۇرنى بىلىمنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ. مەسىلە ھازىر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۇچۇر بىلەن بىلىمنىڭ تۇرغان قاتلىمى ئوخشىمايدىغان ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلىقىدا، ئۇچۇردا تېخنىكا تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش ئومۇمى ۋەزىيەت قاتلىمىدا تۇرسا، بىلىمدە مەزمۇن تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش مەخسۇس قاتلامدا تۇرىدۇ، بەزى ئورنىغا دەسسىتىشلەردە بىلىمنى تەكىتلەپ، ئۇچۇرنىڭ ئېھتىياجلىقىنى نەزەرگە ئالماي، بىلىم بىلەن ئۇچۇرنىڭ پەرقىگە سەل قاراپ، تولۇق ماسلاشماسلىق ياكى زىيادە يەككىللىكنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇچۇر سانائىتىگە كىرىدىغانلىقى ئېنىق بولغان يۇمشاق دېتال سانائىتىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى راۋاجلىنىشىنى بىلىم ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكى دەپ قارىغاندا، يۇمشاق دېتالنىڭ تېخنىكا مەھسۇلاتلىق خۇسۇسىيىتىنى كۆزدە تۇتماي، يۇمشاق دېتال سانائىتىنى بىلىم سانائىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئىلمىي تەتقىقات ۋە مائارىپنىڭ ھەقىقى مەنىدىكى بىلىم سانائىتى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار بۇنداق بىلىم ئىگىلىكىنى يارىتىشنىڭ ئۇلى بولغان ئۇچۇر ئاساسىي ئەسلىھەلىرىنى بىلىم ئاساسىي ئەسلىھەلىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندا، ئۇنىڭ قانداق نەرسىگە قارىتىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ بىلىمنى ئومۇمىي ۋەزىيەت قاتلىمىدا تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلارنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىنى يوققا چىقىرىدىغان، ئاخىرقى ھېسابتا ئاقمايدىغان بىلىم ئەسلىھەلىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

زەينۇللا تەھرىرلىدى

---

(بېشى 53 - بەتتە)

جازالايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئاساسلىق قوشۇن. چۈنكى ئۇلار، بىرىنچىدىن، قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسى ئارقىلىق، كارخانا ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق كۆز- قارىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قانۇن- ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىدۇ. ئىككىنچىدىن، كارخانىلاردىكى بىر تۈركۈم مىتە- قورۇتلارغا زەربە بېرىپ ۋە ئۇلارنى قېزىپ چىقىپ، كارخانىلارنى ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان بىر قىسىم كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش مىگنالى بېرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر قىسىم ئىقتىساد باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاجىز ھالقىلارنى كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە خىزمەت جەھەتتىكى يوچۇقلارنى بايقاپ، ياخشى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كارخانىلارنى ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلايدۇ. تۆتىنچىدىن، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كارخانا ئىسلاھاتچىلىرىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، ئۇلارنىڭ يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلەپ، بازار رىقابىتىگە جەڭ ئېلان قىلالايدىغان بازار سوبيېكتلىرىدىن بولۇپ چىقىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ. دېمەك، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكىدە تۇتقان قانۇنىي ئورنى ۋە ئۈستىگە ئالغان قانۇنىي نازارەتچىلىك فونكسىيىسىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، تەپتىش ئورگانلىرى بازار ئىگىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ھەقىقىي قوغدىغۇچى قەھرىمانلاردۇر.

زەينۇللا تەھرىرلىدى

# ساقچى تەنتەربىيە مەشىقىدىكى تەييارلىق ھەرىكىتى بىلەن رەتلەش ھەرىكىتىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك

خەيرۇللا ھەۋۇللا

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنىستىتۇتى ساقچى تەنتەربىيە ئوقۇتۇش بۆلۈمى)

ساقچى تەنتەربىيە مەشىقىدىكى تەييارلىق ھەرىكىتى بىلەن رەتلەش ھەرىكىتى ھەر قېتىملىق مەشىق دەرسىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر باسقۇچ.

بۇرۇنقى مەشىقلەردە مەشىق مەشغۇلاتىنىڭ ئالدى كەينىدىكى تەييارلىق ھەرىكىتى بىلەن رەتلەش ھەرىكىتىگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، مەشىق سۈپىتىگە ۋە ساقچى تەنتەربىيە تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تەسىر يەتكۈزۈپ، زەخىملىنىش ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولاتتى. ئۇنداقتا ساقچى تەنتەربىيە ھەرىكىتىدىكى تەييارلىق ھەرىكىتى بىلەن رەتلەش ھەرىكىتىنى قانداق قىلىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ؟

1. تەييارلىق ھەرىكىتى — ساقچى تەنتەربىيە مەشىقىدە يۈز بېرىدىغان خەتەرنىڭ ۋە زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەشىق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاساسىي تەدبىر.

ئادەمنىڭ پسىخولوگىيىلىك ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىش قائىدىسى ۋە قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ساقچى تەنتەربىيە مەشىقىنى ئېلىپ بېرىشتا چوقۇم تەييارلىق ھەرىكىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. چۈنكى ئادەم تېنى بولسا تىنچلىق ھالىتىدىن جىددىي ھەرىكەت ھالىتىگە ئۆتۈپ، قوزغاتقۇچى ۋە ماسلاشقان فىزىئولوگىيىلىك ھالەت شەكىللەندۈرۈش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن، قاننىڭ يۈرەككە كىرىپ چىقىش مىقدارى، ئوكسىگېننى سۈمۈرۈش مىقدارى قاتارلىق ھەر خىل فىزىئولوگىيىلىك ئامىللار مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن مۇسكۇللارنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىدۇ. ئىچكى ئەزالارنىڭ خىزمىتى بىلەن بەدەن ھالىتىنى ھەرىكەتكە ماسلاشتۇرۇپ ئەڭ ياخشى ھەرىكەت ھالىتىگە يېتىشكە بولىدۇ. ھەر خىل فىزىئولوگىيىلىك ئامىللارنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش، ۋاقىتنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بەدەن قىزىتىش مەشىقىنى ئېلىپ بېرىش ئادەتتە تەييارلىق مەشىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەملەردە شۇنداق تۇيغۇ باركى، ھاۋا ئىسسىق ۋە قۇرغاق ۋاقىتتا، ئادەم ئاسان مۇگدەش (ئىزىلىش) ھېس قىلىپ، مەشىق قىلىشقا قىزىقمايدۇ. ھاۋا سوغۇق نەم چاغلاردا، ئادەم مۇسكۇلى شىلىمشىق چاپلىشىش ھالەتتە بولۇپ، كىشىلەر ھەرىكەت قىلىشنى خالىمايدۇ. لېكىن تەييارلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئادەمنىڭ كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپ، دەماللا سىناپ بېقىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تەييارلىق ھەرىكىتى نېرۋا سىستېمىسىنى ئويغىتىپ، نېرۋىنىڭ بەدەنگە بولغان سەزگۈچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، مەشىق ئۈچۈن ياخشى بولغان بىر روھىي كەيپىيات ھازىرلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى ئەزا قۇرۇلما ئامىللىرىنىڭ توسالغۇسىنى يېڭىپ، ھەرىكەت ھالىتى بىلەن بەدەن سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ،

مەشىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا پايدىلىق بولىدۇ. ئادەم بەدىنىدىكى ھەر بىر ئەزانىڭ ماسلىشىشچانلىقى ئوخشاش بولمايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يۈرەكنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، 20ـ 30 سېكۇنتتىلا ئەڭ يۇقىرى ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۈرەك ئىقتىدارى 2 — 3 مىنۇتتا ئاندىن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ. ئەگەر 1500 مېتىرغا يۈگۈرگەندە مۇسكۇل (يۈرەك گۆش) دەررۇ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ. يۈرەك سوقۇش رىتىم سانىنى ھەر مىنۇتتا 72 قېتىم ئەتراپىدىن 200 قېتىمدىن ئارتۇق سوقۇش تېزلىكىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن 3 — 5 مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ، تەييارلىق ھەرىكىتىدىن كېيىن يۈرەك سوقۇش رىتىمى 120 قېتىم ئەتراپىدا بولىدۇ. جىددى ھەرىكەت ھالىتىگە ئۆتكەندە بىر مىنۇتتا 180 — 200 قېتىمغا يېتىپ تېزدىن مەشىق تەلىپىگە ماسلاشقىلى بولىدۇ.

تەييارلىق ھەرىكىتىدىن كېيىن يۈرەك گۆش ۋە بوغۇم ئەتراپىدىكى قىل قان تومۇرلار زور ھالەتتە كېڭىيىپ، قان يۈرۈشۈش مىقدارىنى يۇقىرىلىتىپ، بەدەننى قىزىتىپ، مۇسكۇللارنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، مۇسكۇلنىڭ سوزۇلۇپ كېتىشىنى تۆۋەنلىتىدۇ، مىخانىزملىق ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، سوزۇلۇشچانلىقى، ھەرىكەتچانلىقى ۋە ئىلاستىكىلىقىنى قوزغايدۇ، بوغۇملار ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنى كۆپەيتىپ، بوغۇم ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسىنى كۆچەيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەدەننىڭ زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئۈنۈملۈك ئالغىلى بولىدۇ.

2. تەييارلىق ھەركىتىنى ئىلمىي ۋە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

تەييارلىق ھەرىكىتى ساقچى تەنتەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ۋە تېخنىكا مەشقىنىڭ ئالدىنقى كاپالىتى. تەييارلىق ھەرىكىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە جەھەتكە دىققەت قىلىش لازىم.

① تەييارلىق ھەرىكىتىنى مەشىق قىلىدىغان دەرسنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ بېكىتىش كېرەك. تېخنىكىلىقى كۈچلۈك بولغان دەرسلەردە پرىنسىپ جەھەتتە ئادەتتىكى تەييارلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، مېڭىش، يۈگۈرەش، گىمناستىكا ئويناش ئارقىلىق مەركىزى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ غىدىقلىنىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بەدەننىڭ ھەر قايسى ئاساسىي ئەزالىرىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تېخنىك مەشقىنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىشىغا پۇختا ئاساس سېلىش، شۇنداقلا دەرسنىڭ مەزمۇنى قانچە مۇرەككەپ بولسا، تەييارلىق ھەرىكىتىنى شۇنچە پۇختا قىلىش كېرەك. مەسىلەن، كەينىچە يەرگە يىقىلىش ھەرىكىتىنى مەشىق قىلغاندا ھامان تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلىدۇ، بەدەننىڭ مەلۇم جايلىرى يەرگە تەككەندە بەزى خەتەرلىك ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇنداق مەشىقلەرنىڭ تەييارلىق ھەرىكىتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا تېز - ئاستا خاراكتېرلىك يۈگۈرۈش، بېلەك ئايلاندۇرۇش، جەينەكنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، بوغۇملارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، بارماق ھەرىكىتى، بەل ئايلاندۇرۇش، ئالقان بىلەن بەدەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى ئاستا ئۇرۇشتىن باشقا، يەر بېغىرلاش ھەرىكىتىنىمۇ ئېلىپ بېرىپ، بېلەك، جەينەك، مۈرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئورۇندا تۇرۇپ سەكرەش، پاقىچە سەكرەش، تاق پۇتلاپ سەكرەش، زوڭزىيىپ سەكرەش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق بەل، ئوششاق بوغۇملارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش لازىم. مەسىلەن، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش ئەمەلىي مەشىقىدە مەشىققە قاتناشقان ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنى دۈشمەن دەپ بىلىپ ھەرىكەت ئېلىپ بارغاچقا، ھەرىكەت بىلەن مەشىق بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنلىنىدىغانلىقتىن، بۇنداق ھەرىكەتنىڭ قارشىلىشىش خاراكتېرى كۈچلۈك، جىددىي، كەسكىن، ھەرىكەت مىقدارى چوڭ، تېخنىك ھەرىكىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، كۈچكە، تېزلىككە، چىداملىققا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا كۆپلەپ مەشىق قىلىپ، بەدەننىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى تويۇقسىز يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرالايدىغان دەرىجىگە

كۆتۈرۈپ، دۈشمەننىمۇ بوي سۇندۇرالايدىغان ھەم ئۆزىنىمۇ قوغداشقا كاپالەتلىك قىلالايدىغان قىلىش لازىم.

② مەشىق قىلىشتا ئومۇمىي تەلەپ بىلەن ئايرىم تەلەپنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇملىقنى تەشكىللەش بىلەن ئايرىملىقنىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك. مەشىقتە قاتناشقۇچىلارنىڭ يېشى، جىنسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تەييارلىق ھەرىكىتىنى ئىشلەشتىكى ۋاقىت ۋە ھەرىكەت سالمىقىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. مەشىق ئىقتىدارى بىر قەدەر يۇقىرى بولغانلارنىڭ تەييارلىق ھەرىكەت قىلىش ۋاقتى مەشىق قىلىش ئىقتىدارى بىر قەدەر ناچار بولغانلاردىن قىسقا بولسا بولىدۇ. ياش قورامى چوڭ بولغان ساقچىلارنىڭ تەييارلىق ھەرىكەت ۋاقتىنى ئۇزارتىش كېرەك. بەزى ئادەملەرنىڭ بەدەن ئىنكاسى تېز بولىدۇ، بەزى ئادەملەرنىڭ ئاستا بولىدۇ. ئالدىدىكىلەرنىڭ ھەرىكەت ۋاقتىنى قىسقارتىپ، كەينىدىكىلەرنىڭ ۋاقتىنى نىسپىي ئۇزارتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەشىققە قاتناشقۇچى خادىملارنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ تەييارلىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش، يەنى روھىي كەيپىياتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغاندا، رىتىمى بىر قەدەر تېز بولغان تەييارلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش، كەيپىياتى يۇقىرى بولۇپ كەتسە، ئاستا خاراكتېرلىك رىتىم بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، يۇقىرى كەيپىياتىنى نورمال ھالەتكە چۈشۈرۈش لازىم.

③ تەييارلىق ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنىنى ۋە ۋاقتىنى پەسىلگە ۋە ھاۋارايىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئوخشىمىغان ھاۋارايىغا ئاساسەن تەييارلىق ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. قىش پەسلىدىكى تالا مەشىقىدە ئادەم تېرىسىنىڭ گىرادۇسى بىر قەدەر تۆۋەن، بەدەن قورۇلمىسىدىكى قىل قان تومۇردىكى قاننىڭ ئېقىشى ئاستا بولىدۇ. بۇلجۇڭ گۆش، پەيلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق ھالەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىمنىڭ قېلىن ھەم ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن ھەرىكەت قىلىش تېخىمۇ ئەپسىز بولىدۇ. ئەگەر بىر ئورۇندا تۇرۇپ تەييارلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارسا، ھەرىكەت مىقدارى كىچىك، بەدەننىڭ قىزىشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، كەسپىي مەشىقتە ئاسانلا نورمالسىز ئەھۋاللار سادىر بولىدۇ. شۇڭلاشقا بەزى ھەرىكەت مىقدارى چوڭراق بولغان مەشىقلەرنى ئېلىپ بېرىش لازىم. ئەگەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈگۈرۈش، نىشان ئۆزگەرتىپ يۈگۈرۈش، قوغلاپ يۈگۈرۈش، ئارغامچا سەكرەش قاتارلىق قىزىتارلىق مەشىقلەرنى ئېلىپ بارغاندا، تەييارلىق ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، قىش پەسلىدىكى تەييارلىق ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتىنى ئازراق ئۇزارتقاندا، كۈچلۈكلۈكى، زىچلىقى چوڭراق بولۇشى، تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. دەسلەپتە كۈچ ئازراق كېتىدىغان، تېزلىك سۈرئىتى ئاستىراق بولغان مەشىقلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى ھەرىكەت مىقدارى چوڭ بولمىغان قىزىتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بەدەن قىزىغاندىن كېيىن، قەدەممۇ - قەدەم ھەرىكەتنىڭ سۈرئىتىنى، قېتىم سانىنى ۋە دىنامىكىسىنى، مۇسكۇللارنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى كۈچەيتىپ، ھەرىكەت بىلەن بىئولوگىيىلىك ئەزالىرىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، شۇ قېتىم مەشىقنىڭ ئېھتىياجىغا پائال ماسلىشىش كېرەك. ياز كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىق، قۇرغاق بولغاچقا ئادەم ئاسانلا مۈگدەپ قالىدۇ، ھەرىكەت قىلغاندا بەدەن تەرلەپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا تەييارلىق ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى قىسقاراق بولغىنى ياخشى. ئېنېرگىيىنى ئازراق سەرپ قىلىپ، زېھنىنى يىغىپ، ئەمەلىي مەشىققە تولۇق قاتنىشىش ئۈچۈن مەشىقتىن كېيىنكى رەتلەش ھەرىكىتىنى ئايرىپ، ھارغىنلىقنى پەسەيتىپ، جىسمانىي كۈچنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم.

ئادەم بەدىنىنى جىددىي ھەرىكەت ھالىتىدىن پەيدىنپەي تىنچ ھالەتكە ئۆتكۈزۈش جەريانى رەتلەش

(ئاخىرى 63 - بەتتە)

# ئامېرىكىدىكى يەھۇدىي ئادۋوكاتلىرى توغرىسىدا

سەلىمە خوجا

(ج خ ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى ئىلمىي - تەتقىقات باشقارمىسى)

ھازىرقى دۇنيادا يەھۇدىيلار «سوداممىللىتى»، «قانۇن مىللىتى» دەپ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنماقتا. يەھۇدىيلارنىڭ پۈتۈمگە ئەمەل قىلىش ئەنئەنىسىنى مەنبە قىلغان كۈچلۈك قانۇن - تۈزۈم ئېڭى ئۇلارنى قانۇن ساھەسىدىمۇ خۇددى باشقا ساھەلەردىكىگە ئوخشاشلا زور يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشتۈرگەن. ئۇلار ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئازادلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، قانۇن - تۈزۈم بولۇپمۇ ئادۋوكاتلىق ساھەسىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1970- يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىلا، ئامېرىكىدا جەمئىي 500 مىڭ ئادۋوكات بولۇپ، ھەر 483 پۇقراغا بىردىن ئادۋوكات توغرا كېلەتتى (بۇ جەھەتتە ئامېرىكا پەقەت ئىسرائىلىيىدىنلا كېيىن تۇراتتى. ئىسرائىلىيىدە ھەر 408 پۇقراغا بىردىن ئادۋوكات، ياپونىيىدە بولسا 10 مىڭ پۇقراغا بىردىن ئادۋوكات توغرا كېلەتتى). بۇ مەزگىللەردە ئامېرىكىدىكى شەخسىي مۇلازىمەت قىلىدىغان ئادۋوكاتلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 55 مىڭ دوللارغا يەتكەنىدى. ئەمما، كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ سان ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم يەھۇدىي ئادۋوكاتلىرىنىڭ يىللىق كىرىمى ئالدىدا، ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى.

ئامېرىكا ئادۋوكاتلىرىنىڭ 20 پىرسەنتىنى يەھۇدىيلار تەشكىل قىلىدۇ. نيۇ - يورك شەھىرىدە 25 مىڭ ئادۋوكات بار بولۇپ، ئۇنىڭ 60 پىرسەنتى يەھۇدىيلاردىن ئىبارەتتۇر. يەھۇدىي ئادۋوكاتلىرى ئىچىدە، يىللىق كىرىمى 350 مىڭ دوللار بولغانلار ۋە بىر قېتىملىق دەۋادا يېگىپ 2 مىليون 400 مىڭ دوللار، ھەتتا 3 مىليون 500 مىڭ دوللار ئىش ھەققىگە ئېرىشكەنلەرمۇ بار.

غەرب جەمئىيىتىدە، ئادۋوكاتلىق خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن بولۇپ، ئادۋوكاتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇلازىمىتىمۇ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانىدى. لېكىن يەھۇدىي ئادۋوكاتلىرىنىڭ ئۆتمۈشكە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەينى چاغدا تارىخنىڭ كەلتۈرگەن ئادالەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇزۇن مۇددەت ماكانسىزلىق، سەرگەردانلىق، قىرغىنچىلىق ۋە دەھشەتلىك ئېزىلىش ئاسارىتىگە مەھكۇم بولۇپ، ئەمدىلا ھۆرلۈككە ئېرىشكەن يەھۇدىيلاردەك «ئاققۇن» لارنى ئامېرىكا ئادۋوكاتلىق ساھەسى ھەرگىزمۇ قارشى ئالمايتتى، يەھۇدىي ياشلىرى قانۇن ئۆگىنىش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئاسانلىقچە كىرەلمەيتتى، قانۇن كەسپىنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئاتاقلىق ئادۋوكاتلىق ئورۇنلىرىغا قوبۇل قىلىنمايتتى. تاسادىپىي قوبۇل قىلىندى دېيىلگەندىمۇ، خىزمىتىدە ئۆتۈق قازىنىپ ئۆستۈرۈلمىكى تولىمۇ قىيىن ئىدى. خۇددى، ۋۇجۇدقا چىقىپ راۋاج تاپقان باشقا ھەرقانداق كەسىپ ۋە ساھەدىكىگە ئوخشاشلا، ئادۋوكاتلىق كەسپىدىمۇ، يەھۇدىي ئادۋوكاتلىرى چەتكە قېقىلىپ «يات» خاراكتېرلىك كىشىلەرگە ئايلانغانىدى.…

ئەنە شۇنداق خىلمۇ - خىل تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يەھۇدىي ئادۋوكاتلىرى بىر قەدەر كېيىن مەيدانغا كەلگەن

بولۇپ، 1778- يىلى ئامېرىكا ئادۋوكاتلىق سامەسى تۇنجى قېتىم يەھۇدى ئادۋوكات موزېس. لېۋىنى ئۆز سېپىگە قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تەدرىجى كۆپىيىشكە باشلىدى.

ئادەتتە يەھۇدى ئادۋوكاتلىرىنىڭ چوڭ - چوڭ دەۋالارغا، تەسىرى كۈچلۈك ۋە ئىش ھەققىمۇ كۆپ بولغان، سودا، مىراس دەۋاسى دېگەندەكلەرگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەشھۇر يەھۇدى ئادۋوكاتى رونالد. گولدفارب مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىز دالا تەنتەربىيە كۇلۇبى مۇھىتىدا چوڭ بولمىغان. ئىجتىمائىي ئالاقىمىزمۇ چەكلىك، چوڭ ئادۋوكاتلىق ئورۇنلىرىغا كىرەلمەيمىز. بىر تەرەپلىمە قاراشلار تۈپەيلىدىن، بانكا ھەم سۇغۇرتا شىركەتلىرى ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلالمايمىز. مىراسقا دائىر ئىشلار بىزگە ئاشمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىلىرىدىمۇ توزۇك مىراس بولمايدۇ. ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا قاتنىشىدىغان مۇھىمراق تەشكىلاتلار بىلەنمۇ مۇناسىۋىتىمىز يوق. تىرىكچىلىك قىلىشتىكى ئەمەلىي پىلانىمىز پەقەت مەھەللە - رايونلاردا خىزمەت قىلىپ، شەخسلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنى بېجىرىش» تىن ئىبارەت.

بۇ خىل شەخسلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلار، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، دەل نامراتلار ياكى «نەس باسقان» لار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، داڭلىق ئادۋوكاتلارنىڭ نەزەرىدىكى قىلچىمۇ نەپ چىقمايدىغان ئىشلار ئىدى. يەكلەنگەن يەھۇدى ئادۋوكاتلىرىنىڭ ئەھۋالى خارلانغان يەھۇدى مىللىتىنىڭ ئۇزاق تارىخىنى ئەسلىتەتتى. ئۇلار پەقەت ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنىڭ «تاشلاندۇق خارابىلىرى» بىلەنلا ھەپىلىشەلەيتتى.

ھالبۇكى، خۇددى تىجارەتكە ماھىر بولغان يەھۇدى سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىقتىسادنىڭ تاشلاندۇق خارابىلىرى — ئۆسۈمگە قەرز بېرىش ۋە سودا قىلىشتىن باش كۆتۈرۈپ چىققىنىغا ئوخشاش، يەھۇدى ئادۋوكاتلىرىمۇ، يەھۇدىلارنىڭ «ئىلاھىي قانۇن» غا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادى، ئەزەلدىنلا قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، قانۇننى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، بىلىمنى ئۇلۇغلايدىغان ئەنئەنىۋى ئادىتىگە ئاساسەن، قانۇننىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى، ھەققانىيەت ۋە ئادالەتكە بولغان ئىنتىلىشى، مال - مۈلۈكنىڭ تەخسىملىنىشىگە بولغان تونۇشلۇقى بىلەن خارابىلەر ئىچىدىن باش كۆتىرىپ چىقالىدى. XX ئەسىرگە كەلگەندە، يەھۇدى ئادۋوكاتلىرى ئاشۇ نامراتلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، قانۇندىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ «نەس باسقان» تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ «نەس باسقان» ئادۋوكاتلىق ھالىتىنىمۇ تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، توركۈملەپ مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. يەھۇدى ئادۋوكاتلىرى باشلاپ بەرگەن ۋە ئۇلار ھەممىدىن بەك ماھىر بولغان دەۋا ئىشلىرى «جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەندۈرۈش دەۋاسى» بىلەن «پايچىكلار دەۋاسى» ئىدى.

«جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەندۈرۈش دەۋاسى» دېگىنى — بۈگۈنكى كۈندىكى «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش» ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى ھەم دەسلەپكى شەكلى بولۇپ، قانۇنىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەندۈرۈش دەۋاسىنىڭ نېگىزى — ئىستېمالچىلار مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگۈچىلەردىن، ئۆز مەھسۇلاتى ۋە مۇلازىمىتى ئۈچۈن، شۇنداقلا مەھسۇلات ھەم مۇلازىمەتنىڭ ئىستېمالچىغا كەلتۈرگەن بارلىق (يامان) ئاقىۋىتى ئۈچۈن مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىش ئىدى؛ كونكرېت تەلەپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەتنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان شەخس، مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئەتكۈچىدىن تۆلەم تەلەپ قىلىدىغان قانۇنىي ئالاقە ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش پايچىكلار دەۋاسىمۇ قانۇنىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىركەتنىڭ بىر قىسىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، ئەمما ئادەتتە بىر - بىرى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان كىشىلەرگە شىركەتنى باشقۇرغۇچىلاردىن شىركەتنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالىنى

چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىش ئىدى؛ كونكرېت تەلەپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، زىيانغا ئۇچرىغان ئوتتۇراھال، كىچىك پايچىكلار شىركەتتىن ياكى ئۇنى باشقۇرغۇچىلاردىن تۆلەم تەلەپ قىلىدىغان قانۇنىي ئالاقە ئىدى.

جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەندۈرۈش دەۋاسى بىلەن پايچىكلار دەۋاسىنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى شۇئىدىكى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئاجىز ھەم زىيانغا ئۇچرىغان پۇقرالارنىڭ، زىياننى كەلتۈرۈپ چىقارغان قانۇنىي ئىگە ۋە ئورۇنلار ئۈستىدىن دەۋا قىلىشى ئىدى. بۇ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا زور پەرق بولغان دەۋا ئىشى بولۇپ، قانۇنىي ئىگە ۋە ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىي كۈچلۈك، ئىناۋىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، داڭدار چوڭ ئادۋوكاتلىق ئورۇنلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، دەۋادا ئاسانلا ئۇتۇپ چىقالايتتى. ئادەتتە كىشىلەر بۇنداق دەۋالاشقۇچىنى ئۆزىنى چاغلىماي يېڭەلمەيدىغان دەۋاغا چۈشتى، دەپ ئەيىپلىشەتتى. پەقەت يەھۇدى ئادۋوكاتلىرىلا كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى بۇنداق پەرق ۋە ھەيۋىگە پىسەنت قىلماي، ئاجىزلارنى ئاقلاش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشەتتى.

يەھۇدى ئادۋوكاتلىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دېموكراتىيە، ئادالەت ۋە كىشىلىك ھوقۇق دېگەن ئۇقۇملارنىڭمۇ ئۈزلۈكسىز بېيىپ، يېڭىچە مەنە ۋە مەزمۇنلارغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ئۆز ئىپادىسىنى تېخىمۇ تاپىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن؛ ئۇلار يەنە ئىستېمالچىلار بىلەن كىچىك پايچىكلارنى قوغداش شەخسىينىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ قانۇنىي تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي تەرتىپ ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى نورمال يۈرگۈزۈشنىڭمۇ تەقەززاسى، شۇنىڭ ئۈچۈن، قانۇنىي ئىگە ۋە ئورۇنلار نوپۇز، پۇل، ۋاقىت ۋە داڭدار ئادۋوكاتلارنى تەكلىپ قىلىش جەھەتلەردە ھەر قانچە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسىمۇ، قورقۇنچلىكى يوق، دەپ قارىغان.

يەھۇدى ئادۋوكاتلىرى، پەقەت ئىككى يوقسۇل ئوتتۇرىسىدىكى دەۋا ھەققىنى «خاراپلىك» ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى مەيلى قايسىلا تەرەپ يەڭسۇن، بەرىبىر ھېچكىمدىن پۇل چىقمايدۇ. ۋاھالەنكى، نامرات زىيانلانغۇچى پۇلدار قانۇنىي ئىگە ياكى ئورۇنلار بىلەن دەۋالاشسا، زىيانغا ئۇچرىغانلىق پاكىتى ئېتىراپ قىلىنىپ، دەۋاگەرنىڭ تۆلەم تەلىپى سوتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشسىلا، نامرات دەۋاگەر تۆلەم پۇلى بىلەن دەرھاللا بېيىيدۇ، يەنە كېلىپ قانچە چوڭ زىيانغا ئۇچرىسا، دەۋادا يەڭگەندىن كېيىن شۇنچە تېز بېيىيدۇ، دەپ قارىغان. مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتقان يەھۇدى ئادۋوكاتلىرى ئىنتايىن «مۇۋاپىق» بولغان بىر خىل ھەق ئېلىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى «ئۇتۇق ھەققى» دەپ ئاتىغان. ئۇ باشقا قانۇنىي مۇلازىمەتنىڭ ۋاقىتقا قاراپ ئىش ھەققى ئېلىش ئۇسۇلىدىن پەرقلىق بولۇپ، بۇ خىل مۇلازىمەتتە جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملەندۈرۈش دەۋاسى ياكى پايچىكلار دەۋاسىنىڭ ۋاكالەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئادۋوكات پەقەت دەۋاگەر يەڭگەن ئەھۋال ئاستىدىلا ئىش ھەققىگە ئېرىشەلىگەن، يېڭىلسە بىر تىيىنمۇ ھەق ئالمىغان. ئەمما يەڭگەندە ئالىدىغان ئىش ھەققى زىيان ئۈچۈن بېرىلگەن تۆلەمنىڭ 30 — 25 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

مەسىلەن: پايچىكلار دەۋاسىنىڭ پېشقەدەملىرىدىن بولغان يەھۇدى ئادۋوكاتى پومېرانتىس بىر قىسىم پايچىكلارنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ ئامېرىكىنىڭ ۋاستىلىك مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرىنىڭ باشقۇرۇش ھەققىنى ئۆستۈرۈۋالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىپ، ئۇلارنى ئېگىشلىك ئۆلچەم بويىچە ھەق ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان. بۇنىڭ بىلەن پايچىكلار باشقۇرۇش ھەققىنى 50 مىليون دوللار چامىسىدا ئاز تاپشۇرۇدىغان بولغان. پومېرانتىسنىڭ ئادۋوكاتلىق ئورنىمۇ 2 مىليون 400 مىڭ دوللار مۇلازىمەت ھەققىگە ئېرىشكەن.

1976- يىلى ئامېرىكا خەلقئارا تېلېفون - تېلېگراف شىركىتىنىڭ پايچىكلىرى دەۋادا

يېڭىپ، جەمئىي 22 مىليون پايغا ئىگە بولغان، 16 مىڭ پايچىك ھەر بىر پاي ئۈچۈن 1.75 دوللار تۆلەمگە ئېرىشكەن. دەۋادا ئۇتتۇپ چىققان يەھۇدى ئادۋوكاتى 3 مىليون 500 مىڭ دوللار يېڭىش ھەققىگە ئېرىشكەن.

دېمەك، يەھۇدى ئادۋوكاتلىرىنىڭ مەنپەئەتى ھاۋالە قىلغۇچىسىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، دەۋادا يېڭىلسە ئادۋوكات بىر قېتىم ھەق ئالماستىن «ئادالەتنى ياقلىغان» بولۇپ، يەڭسە ھەق ئالغان. ئوچۇقنى ئېيتقاندا، يەھۇدى ئادۋوكاتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇستىلىق ۋە چىۋەرلىك بىلەن «پۇلدار» لارنىڭ پۇلىنى ئالغان. ئۇلار بىر «نامرات» نىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلغاندا، نەزىرى پەقەت ئاشۇ ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ قوپ - قۇرۇق يانچۇقىدىلا توختاپ قالماستىن، بەلكى، دەسلەپىدىلا دەۋا ماتېرىياللىرىدىن پۇلدار جاۋابكارنىڭ تۆلەم پۇلىنىڭ نامرات دەۋاگەرنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىغا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلىگەن. ياكى ئۇلار «نامرات» نىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنىڭ قانۇنىي ئەھمىيىتىنىڭ قانچىلىك ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى باشتىلا مۆلچەرلىيەلىگەن. ھەم مۇشۇ قانۇنىي ئەھمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قىممەتكە ئايلىنىش جەريانىدا ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينىغان.

زەينۇللا تەھرىرلىدى

---

(بېشى 59 - بەتتە)

مەشغۇلاتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ رولى بىر قەدەر يېنىك، تەمكىن بەدەن ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق جىددىيلىشىشنى پەسەيتىپ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىشنى كۈچەيتىپ، مۇسكۇللارنىڭ جىددىي ھالىتىنى پەيدىن- پەي نورمال ھالەتكە چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جىددىي ھەرىكەت مەشىقى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئادەم بەدىنىدىكى قان ھەممە ئەزاغا تارقالغاچقا، يۈرەككە ئېغىر دەرىجىدە قان يېتىشمەيدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ھەرىكەتنى تۇيۇقسىز توختاتقاندا، ئارتېرىيە قان تومۇرىغا قان كىرىش تەس بولۇپ، نورمال قان ئايلىنىشقا تەسىر كۆرسىتىپ باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، كۆڭۈل ئېلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يېنىك دەرىجىدىكى رەتلەش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئادەم بەدىنىدىكى ئارتېرىيە قان تومۇردىكى قاننىڭ يۈرەككە نورمال كىرىپ چىقىشىغا ياردەم بېرىپ، ئوكسىگېننى قوبۇل قىلىپ، كاربون IV ئوكسىدى ۋە ئارىلاشما ماددىلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىپ، مۇسكۇللارنىڭ تېلىپ ئاغرىشىنى يېنىكلىتىپ، ھارغىنلىقنى يوقىتىشقا بولىدۇ.

رەتلەش ھەرىكىتى — ئادەتتە چوڭقۇر نەپەس ئېلىش ئارقىلىق بىر قەدەر يېنىك ۋە ئاستا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتتۇر. بۇ ھەرىكەتنىڭ مىقدارى ئاز بولۇپ، مۇسكۇللارنى ئاستا بوشىتىپ، بەدەننىڭ تىنچ ھالەتكە كېلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئاستا يۈگۈرۈش ئارقىلىق قان ئايلىنىشىنى ئۆزگەرتىپ، نەپەس ئېلىش ۋە بەدەن گىرادۇسىنى تەرتىپكە سېلىشقا، ئەۋرىشىم قول كىمناستىكىسى ئارقىلىق بولجۇڭ گۆشىنىڭ جىددىي ھالىتىنى تۆۋەنلىتىشكە، ئادەتتىكى يېنىك ئۇسۇل ھەرىكىتى ئارقىلىق يۇقىرى كەيپىياتنى نورمال كەيپىياتقا، ئۆز- ئۆزىنى ئۇۋۇلاش ھەرىكىتى ئارقىلىق قىسمەن ئورۇننىڭ ماددا ئالمىشىش ئىقتىدارىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. رەتلەش ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەت مىقدارى كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. ھەرىكەت تېزلىكىنى پەيدىن- پەي ئاستىلىتىپ، مۇمكىن قەدەر مۇسكۇللارنى بوشىتىپ، نورمال نەپەس ئېلىش ۋە يۈرەك سوقۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇسكۇللارنى پەيدىن- پەي تىنچ ھالەتكە ئۆتكۈزۈش لازىم.

زەينۇللا، ئايگۈل ئىبرايىم تەھرىرلىدى

# ئومۇمىي سان

## 1 - سان


سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدا ھۆكۈم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇل تېشى …… ئۆمەرجان ئەلى (2)

شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى ۋە چېگرا ئېغىزلىرى توغرىسىدا …… پولات جۇنۇسبېك (8)

تەپەككۇر …… سەمەت خېۋىر (12)

ئىلمىي ماقالە بىلەن دىسسېرتاتسىيە توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم …… غەيرەت ئىسمايىل (29)

دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە يەتكۈزۈش جىنايىتى توغرىسىدا …… ئابدۇكېرىم ھوشۇر (33)

جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى جىنايى جاۋابكارلىق يېشىغا ئائىت باسقۇچلارنى توغرا ئېگىلەش لازىم …… ئابلىكىم ئابا (40)

ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكى سوت خىزمىتىدە دەلىل - ئىسپاتنى ئىشلىتىش ھەققىدىكى قارىشىم …… شاۋكەت ئىدرىس (45)

خەلق ساقچىلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئوبرازىنى ياخشىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئاساسىي تەدبىرلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە …… ئابلىكىم جۇمە (50)

نەق مەيدان تەكشۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا …… ئابلىتىپ غوپۇر (57)

ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش ھەرىكەتلىرىنى تۈگىتىپ تاناسىل كېسەللىكىنىڭ يامراپ كېتىشىنى چەكلەش توغرىسىدا …… رىزۋانگۈل ساقى (62)


## 2 - سان


كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش — دەۋرنىڭ تەلىپى …… گايىت ئادىل (1)

سىياسىي بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى …… ساتتار نىياز (7)

ج خ ئورگانلىرىنىڭ جىسمانىي ھوقۇق جەھەتتىكى مەمۇرىي تۆلەم جاۋابكارلىقىنىڭ دائىرىسى توغرىسىدا …… ئەخمەت سادىر (13)

جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا …… ئامانتاي قوسايىن (20)

قول ئىزىنى باھالاشتا تۆت مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك …… قاھار (24)

ئادەم چىرايىنى پەرقلەندۈرۈش بىلىملىرىنىڭ رازۋېدكىدىكى رولى توغرىسىدا …… تۇرسۇنتاي سوپاخۇن، ئابابەكرى قادىر (27)

گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشكە توسقۇنلۇق قىلىشمۇ جىنايەت ھېسابلىنىدۇ …… ئابلىكىم ئابا (30)

جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش جىنايىتى بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە كۈشكۈرتۈش جىنايى ھەرىكىتىنىڭ پەرقى توغرىسىدا …… ئۇمۇت ئىسلام (33)

بىۋاستە دەۋا دېلولىرى ۋە ئاددىي تەرتىپنىڭ قوللىنىلىشى …… تاش مۇھەممەت رېھىم (37)

نەشىگە قارشى تەدبىرلەر توغرىسىدا …… غالىپ ئىسمائىل (41)

مەمۇرىي ئورگاننىڭ ۋاكالەتچىسى بولغان ئادۋوكاتنىڭ مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپات توپلىشى توغرىسىدا …… ئالىم نۇر (45)

نۆۋەتتىكى ئەدلىيە چىرىكلىكىنىڭ ئىپادىسى، سەۋەبى ۋە ئۇنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم …… ئايگۈل ئىبرايىم (49)

ج خ ئەدلىيە ھۆججەتلىرىدە تۇتۇق سۆزلەرنى جايىدا ئىشلىتىش توغرىسىدا ……………
…………………… ماھىنۇر سادىق (55)
مېيىپلەر ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا ……………… سەلىمە خوجا (59)

## 3 - سان

كۆزىتىش…………………………………………………… سەمەت خېۋىر (2)
دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ……… راقات زارىلقان (18)
پاسسىپ ھەرىكەت شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا مۇلاھىزە
…………………………… شاۋكەت ئابلىمىت، رىزىۋانگۈل ئابلىز (25)
نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ جازانى كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، ۋاقتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا
قىلىش جىنايىتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنى جاۋابكارلىقى توغرىسىدا…………… ھاشىمجان ئىسمائىل (31)
توختام قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە ساۋات …………………… ئابدۇكېرىم ھوشۇر (34)
جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىكى رولى
توغرىسىدا …………………………… سەمەت يۈسۈپ، ئابلىكىم جۇمە (38)
ئىككى ئادەم نۆۋەتلىشىپ يازغان پوچوركا دېلولىرىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا …
…………………………………… ئىسمائىل ئىبراھىم (45)
دۆلىتىمىزدە شىركەت قانۇنى تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا … غەيرەت نۇرەخمەت (49)
شايكا جىنايىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەرنى كۈچەيتىش
لازىم…………………………………………………… مۆمىن لىتىپ (52)
باشقىلارنى قان سېتىشقا قانۇنسىز ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى توغرىسىدا … ئارزىگۈل ئابلا (55)
نىكاھدىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش
تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم …………………… ئايگۈل ئىبرايىم (59)
چەت ئەل نىكاھ قانۇنلىرىدىن …………………………………… (64)

## 4 - سان

بىلىم ئىقتىسادىي دەۋرنى كۈتۈۋېلىپ پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش
ئىستراتېگىيىسىنى 21 - ئەسىرگە يۈزلەندۈرەيلى …………………… پولات جۇنۇسبېك (2)
توختام قانۇنى ھەققىدە قىسقىچە ساۋات……………… ئابدۇكېرىم ھوشۇر (8)
جىنايەتچىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە جىنايەتنى رازۋېدكا قىلىش توغرىسىدا…
……………………………………………………………… باتا (14)
دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدا ……………
…………………………………………… قەھرىمان سالى (19)
ئاساسىي قانۇننى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى ……………
…………………………………………… قادىر ئىبرايىم (23)
بىر تەرەپ قىلىنىغىچە كېپىلگە بېرىشنى قوللىنىشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا …………
…………………………………………… قۇربان ئىبرايىم (30)
مەمۇرىي قانۇندىكى دەلىل - ئىسپات بىلەن مەمۇرىي دەۋادىكى دەلىل - ئىسپاتنىڭ پەرقى……
…………………………………………………… ئالىم نۇر (36)
مەمۇرىي جەرىمانە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا …………… ئەخمەت سادىر (40)
ئەدلىيىلىك ئىزاھلاش ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا …………… ئابلا ئىبرايىم (46)
تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى رولى توغرىسىدا ……
………………………………………………… تۇرسۇن روزى (52)
ئۈچۈر بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى …………………… تاش مۇھەممەت رېيىم (54)
ساقچى تەنتەربىيە مەشقىدىكى تەييارلىق ھەرىكىتى بىلەن رەتلەش ھەرىكىتىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا
ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك …………………………… خەيرۇللا ھەۋۇللا (57)
ئامېرىكىدىكى يەھۇدىي ئادۋوكاتلىرى توغرىسىدا …………………… سەلىمە خوجا (60)

# ئاۋمېنىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ
# كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!


شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

**新疆公安司法管理干部学院学报**

**主办单位**:新疆公安司法管理干部学院学报

**编辑发行单位**:《新疆公安司法管理干部学院学报》编辑部

**地址**:乌鲁木齐市天津北路 2 号

**国内统一刊号**:CN65—2058/D—W

**邮编**:830011

**电话**:6637076

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى

تۈزۈپ تارقاتقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەرى تيەنجىن شىمالىي يولى 2 - قورۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65—2058/D—W

پوچتا نومۇرى: 830011

تېلېفون نومۇرى: 6637076

باھاسى: 4.50 يۈەن